4

# مىڭ بىر كېچە



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ISBN 978-7-228-08402-9
9 787228 084029 >
定价:5.50 元

# مىڭ بىر كېچە

④

تەرجىمە قىلغۇچى: پاتىگۈل مىجىت



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

一千零一夜. 4/晓明编著;帕提古丽·米吉提译. —乌鲁木齐:新疆人民出版社,2003.11(2008.4 重印)
根据上海人民美术出版社 2001 年 4 月汉文版译出。
ISBN 978—7—228—08402—9

Ⅰ. 一… Ⅱ. ①晓…②帕… Ⅲ. 民间故事—作品集—阿拉伯半岛地区—维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ. I371.73

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2003)第 099948 号

**一千零一夜(4)**

**(少儿版)**

| | |
|---|---|
| **责任编辑** | 艾合买提·伊明 |
| **责任校对** | 赛娜瓦尔·依布拉音 |
| **出版发行** | 新疆人民出版社 |
| **电　　话** | (0991)2827472 |
| **地　　址** | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| **邮　　编** | 830001 |
| **经　　销** | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| **印　　刷** | 乌鲁木齐八家户彩印厂 |
| **开　　本** | 880×1230 毫米　1/32 |
| **印　　张** | 2.75 |
| **版　　次** | 2003 年 11 月第 1 版 |
| **印　　次** | 2008 年 4 月第 2 次印刷 |
| **印　　数** | 4001—9000 |
| **定　　价** | 5.50 元 |

بۇ كىتاب شاڭخەي خەلق گۈزەل سەنئەت نەشرىياتىنىڭ 2001 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2001 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تاللاپ تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى .

# مىڭ بىر كېچە (4)

(بالىلار نۇسخىسى)

---

تۈزگۈچى : شاۋمىڭ
تەرجىمە قىلغۇچى : پاتىگۈل مىجىت
مەسئۇل مۇھەررىرى : ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى : سەنەۋەر ئىبراھىم
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى : مەمەت نەۋبەت
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى : شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون : 0991－2827472
ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى : 830001
ساتقۇچى : شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى : ئۈرۈمچى باجياخۇ رەڭلىك باسما زاۋۇتى
فورماتى : 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى : 2.75
نەشرى : 2003 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى : 2008 ـ يىلى 4 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 4001－9000
كىتاب نومۇرى : ISBN 978－7－228－08402－9
باھاسى : 5.50 يۈەن

---

# مۇندەرىجە

ئالاھىددىن بىلەن خىسلەتلىك چىراغ ........................ 1
شىر بىلەن ياغاچچى ....................................... 76
خۇشقاش بىلەن ئىككى قارا ئىت ........................... 79



# ئالاھىددىن بىلەن خىسلەتلىك چىراغ

بۇرۇنقى زاماندا، چىن دۆلىتىنىڭ شىمالىدىكى بىر
چوڭ شەھەردە، مۇستاپا ئىسىملىك بىر تىككۈچى ياشايدى-
كەن. ئۇ يېشى ئەللىكلەردىن ئاشقاندا، ئاندىن پەرزەنت يۈزى
كۆرۈپتۇ. ئۇ ئوغلىغا ئارزۇلاپ ئالاھىددىن دەپ ئىسىم قو-
يۇپتۇ. مۇستاپا قېرىغاندا تاپقان بۇ بالىسىنى ياخشى ئوقۇ-
تۇپ، بىلىملىك ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىپ، ئائىلى-
سىنىڭ نامرات ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ يۈز ـ ئابرۇي تې-
پىشنى كېچە ـ كۈندۈز
ئارزۇ قىلىدىكەن.
ئۇنىڭ ئار-
زۇسىنىڭ ئەك-
سىچە، ئالا-
ھىددىن



كىچىكىدىن ئاسمانغا پىچاق ئاتىدىغان كەپسىز، ياغاچ قۇلاق
بالا بولۇپ چوڭ بوپتۇ. كىتابنى كۆرسە، ئوقۇشنىڭ گېپىنى
ئاڭلىسا، ئۇنىڭ بېشى ئاغرىيدىكەن. ئەكسىچە، سالپا - سا-
ياق، قىلىقسىز دوستلىرىنى كۆرسە يايراپ كېتىدىكەن، ئۇلار
بىلەن بىللە قىلمايدىغان ئەسكىلىكى قالمايدىكەن، ئېزىپ -
تېزىپ كىشى خۇش بولغۇدەك ئىش قىلمايدىكەن.

شۇنداق قىلىپ ئاخىر ئۇ ئوقۇشتىنمۇ توختاپ قاپتۇ.
ئۇ ئون ياشقا كىرگەن يىلى، دادىسى بىلىملىك ئادەم بولال-
مىسىمۇ قولىدا ھۈنىرى بار ئادەم بوپقالسۇن، شۇنىڭ بىلەن
جېنىنى باقار، دەپ ئويلاپ، ئۆزى كەينىگە سېلىپ يۈرۈپ
تىككۈچىلىكنى ئۆگەتمەكچى بوپتۇ.

دادىسىنىڭ كۆڭلىنى قىلچىمۇ چۈشەنمىگەن ئالاھىددىن
ھۈنەرگە كۆڭۈل بۆلمەي، دادىسىنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپلا
تالاغا قېچىپ چىقىپ كېتىپ، ھېلىقى بىكار تەلەپ دوست-
لىرىغا قېتىلىپ ئوينايدىكەن. ئۇنىڭغا يىپ - يىڭنە تۇت-
قۇزۇش ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ قىيىن ئىكەن. بۇ كارغا يا-
رىماس ئوغلىنى ئادەم قىلىپ بولالمىغان مۇستاپا تولا ئاچ-
چىق يۇتۇپ ئاخىر ئاغرىپ يېتىپ قاپتۇ. ئۇ شۇ ياتقىنىچە
قوپالماي، ئاخىر ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

دادىسى ئۆلگەندىن كېيىن ئالاھىددىن خۇددى يۈگەنسىز
ئاتتەك بېشى قايغان، پۇتى تايغان يەرلەردە يۈرۈپ ھېچبىر
ئىشنىڭ بېشىنى تۇتماپتۇ. ئائىلىسى كۈندىن - كۈنگە نام-
راتلىشىپ، قېرى ئانىسى چاق ئېگىرىپ تاپقان ئىككى تال
پۇل بىلەن روزغارنى ئاران - ئاران قامداپتۇ. ئانىسىغا
ھەمدەم بولۇپ ئۆينىڭ ئېغىرچىلىقىنى تەڭ كۆتۈرۈش ئالا-
ھىددىننىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقماپتۇ.

بىچارە ئانىنىڭ، بۇ ئەقىلسىز ئوغلىنىڭ يارامسىز-

لىقىدىن، ئەقىلسىزلىقىدىن ئاغرىنىپ ياش تۆكۈشتىن باشقا ئامالى يوق ئىكەن.
كۈنلەر، ئايلار، يىللار بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆ-تۈۋېرىپتۇ، ئالاھىددىننىمۇ ئون بەش ياشقا كىرىپ قاپتۇ. لې-كىن، ئۇنىڭغا يەنىلا قىلچە ئەقىل كىرمەپتۇ، بۇرۇنقى بەڭ-ۋاشلىقىدىن زادى قالماپتۇ.
ئۇ ئون بەش ياشقا كىرگەن كۈنى ئۆزىگە ئوخشاش ئاسمانغا پىچاق ئاتىدىغان كەپسىز، بەڭۋاش باللار بىلەن كوچىنى بېشىغا كىيىپ ئويناۋاتسا، مەراكەشلىك بىر ئادەم ئالاھىددىنغا زەن سېلىپ بىر چەتتە قاراپ تۇرۇپتۇ. ئۇ ئى-چىدە، مەن يىراق ئافرىقىدىن ئىزدەپ كەلگەن بالا دەل مۇشۇ، دەپ جەزم قىپتۇ - دە، ئويناۋاتقان بىر بالىنى يېنىغا چا-قىرىپ، ئالاھىددىننىڭ جىمى ئەھۋالىنى سوراپ بىلىۋاپتۇ، ئاندىن ئالاھىددىننىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنى باغرىغا مەھكەم باسقىنىچە ھاياجان بىلەن:
— ئاھ، بالام، مەن سېنى ئاخىر تاپتىم، نېمە، مېنى تونۇمايۋاتامسەن؟ مەن سېنىڭ تاغاڭ! — دەپتۇ.
بۇ گەپلەردىن گاڭگىراپلا قالغان ئالاھىددىن مەراكەش-لىكنىڭ قوينىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ ئۇنىڭغا شۈبھە بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ:
— سىز خاتا تونۇپ قالغان ئوخشايسىز، مېنىڭ تاغام يوق، — دەپتۇ.
— نېمە؟ داداڭ مەن توغرۇلۇق ساڭا گەپ قىلىپ بەر-مىگەنمۇ؟ — دەپتۇ ناتونۇش ئادەم ھەيرانلىق بىلەن، — بى-راق، بۇنى ئۇنىڭدىن كۆرگىلىمۇ بولمايدۇ. ھەي، داداڭ تېخى بەك كىچىك چاغدا، مەن جان بېقىش ئۈچۈن، ياقا يۇرتلارغا بېشىمنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەنىدىم. مەن دەسلەپتە ھىن-

دىستانغا، ئاندىن مەراكەشكە بېرىپ، ياقا يۇرتلاردا يىگىرمە يىل سەرسان بولۇپ يۈردۈم. ئاخىر يۇرتۇمنىڭ توپىسى تار-تىپ قايتىپ كەلدىم. شۇڭا، سېنىڭ مېنى تونۇمىغىنىڭ-دىنمۇ ئاغرىنغىلى بولمايدۇ.

ئالاھىددىن ئۇنىڭغا يەنىلا ئىشەنمەستىن قاراپ تۇرۇپتۇ. ناتونۇش كىشى قۇرۇق گەپنىڭ قولاقتا خۇشياقمىغانلىقىنى پەملەپتۇ - دە، دەرھال يانچۇقىدىن ئون تىللانى ئېلىپ ئالا-ھىددىنغا تۇتقۇزۇپ دەپتۇ.

— بار، ئوغلۇم. ئاناڭغا مېنى كەپتۇ، ئۆيگە ھازىرلا با-رىدىكەن دېگىن. ئۇ تاماق ئەتكەچ تۇرسۇن. ئۇزۇن سەپەردىن ھېرىپ - چارچاپ، ئېچىرقاپ ئاران كەلدىم.

ئالاھىددىن ئۆيگە ئۇچقاندەك چېپىپ بېرىپ، ئانىسىغا «تاغىسى» نىڭ كەلگەنلىك خەۋىرىنى يەتكۈزۈپتۇ. ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغان ئانىسى بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ:



— بىر تاغاڭغۇ بولىدىغان، بىراق ئۇ سەن بەكلا كىچىك چېغىڭدا ئۆلۈپ كەتكەن. ئارىدىن شۇنچە يىللار ئۆتكەندىن كېيىن نەدىن پەيدا بولغان تاغاڭكىنتاڭ ئۇ؟ — دەپتۇ.

شۇ گەپنىڭ ئۈستىگىلا ناتونۇش ئادەم ئىشىكنى ئىتتىرىپلا كىرىپ كەپتۇ. ئەسلىدە ئۇ ئالاھىدىنىنىڭ كەينىدىن تاپ بېسىپلا مېڭىپتىكەن.

ئۇ تۆرگە چىقىپ خاتىرجەم جايلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن:

— ئۇكام مۇستاپا كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى ئاڭلىغان زامات ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ، مەيدىسىگە مۇشتلاپ يىغىنى دۆڭ ساپتۇ:



— ۋاي، ئۇكامەي، ۋاي، قېرىندىشىمەي، سەن نېمانچە تاش يۈرەك، نېمىشقا مەن بىلەن دىدارلاشمايلا كېتىپ قالدىڭ؟ ۋاي، جېنىم قېرىندىشىمەي، مېنىڭ شۇنچە ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، شۇنچە جاپالارنى چېكىپ بۇ يەرگە كېلىشىم سەن بىلەن دىدار كۆرۈشۈش ئۈچۈنتىغۇ! مەن بۇ دۇنيادا ياشاپ نېمە قىلىمەن، ئۆلۈپ تۈگىشىپلا كەتسەم، ئۇ دۇنيادا سەن بىلەن دىدارلاشسام بولمامدۇ، — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە پېشانىسىنى يەرگە دوڭۇلدىتىپ ئۇرۇپ قانىتىۋېتىپتۇ.

ئۇ شۇنچىلىك ھەسرەت چېكىپ يىغلاپتۇكى، ئۇنىڭ يىغىسىغا قاراپ ھەرقانچە تاش يۈرەك ئادەممۇ ئېرىپ كېتەرئىكەن.

شۇڭا، ئالاھىددىنىنىڭ ئانىسىنىڭ كۆڭلىدىكى گۇمانمۇ شۇ ھامان كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ. ئۇ ئىچىدە: «ئاكا - ئۇكىلار بەكلا كىچىك چېغىدا ئايرىلىپ كەتكەن چېغى. ئېرىممۇ بۇ ئاكىسىنىڭ ھايات ياكى ئۆلگەنلىكىنى بىلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ماڭا ئۇنىڭ گېپىنى قىلىپ بەرمىگەن ئوخشايدۇ. قانقېرىنداش بولمىسا ئۇ بۇنداق پەرياد ئۇرۇپ يىغلىماس ئىدى» دەپ ئويلاپتۇ.

— بولدى، كۆڭلىڭىزنى بۇنچە بۇزماڭ، ئۆلگەننىڭ ئارقىسىدىن ئۆلگىلى بولمايدىكەن، ئامالىمىز قانچە، — ئالاھىددىنىنىڭ ئانىسى ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگەچ، ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپتۇ، — ئانا - بالا ئىككىمىزنى يوقلاپ كەلگىنىڭىزدىن بىز بەك خۇرسەن.

ئاندىن ئۇ ئۆيدىكى ئەڭ ئېسىل نەرسىلەر بىلەن تاماق ئېتىپ، يىراقتىن كەلگەن بۇ «تاغا» نى كۈتۈۋاپتۇ.

تاماق يېگۈچە مەراكەشلىك ئالاھىددىن بىلەن ئانىسىغا چەت ئەللەردە كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.



ئۇنىڭ كۆرگەن – بىلگەنلىرىنىڭ شۇنچە كۆپلۈكىنى ئاڭلاپ ئالاھىددىن ئۇنىڭغا چىن كۆڭلىدىن قايىل بوپتۇ.

پۇرسەتنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى پەملىگەن مەرا-كەشلىك ئۆي ئىچىگە سەپسېلىشقا باشلاپتۇ. ئۇ ئۆيدىكى كونا مەنقۇلات، ئۇلى چۇشۇپ كەتكەن تاملارغا قاراپ:

— قارىغاندا ئەھۋالىڭلار دېگەندەك ئەمەس ئوخشايدۇ. سىلەر زادى نېمىگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىسىلەر؟— دەپ سوراپتۇ.

ئالاھىددىن نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي كۆزلىرىنى پار-قىراتقىنىچە قاراپلا تۇرۇپتۇ. ئەمما، بۇ گەپ ئانىسىنىڭ يۈ-رىكىگە تېگىپتۇ. ئۇ چاق ئېگىرىپ تاپقان ئازغىنە پۇل بىلەن كۈنلىرىنىڭ بەكمۇ غۇربەتچىلىكتە ئۆتۈۋاتقىنىنى، ئۆزىنىڭ قانچىلىك جاپا چېكىۋاتقىنىنى دەپ كېلىپ، ئالاھىددىننىڭ ئەسكىلىكىدىنمۇ دادلاپ بېرىپتۇ. ئۇ چوڭقۇر خورسىنغان

هالدا:

— بۇ بالا ھېچ ئادەم بولاي دېمەيدۇ، ياخشى كۆڭنىڭ يامىنى كېلىپ مەن ئۆلۈپ تارتىپ كەتسەم، ئۇ جىننى قانداقمۇ جان ئېتەر، دەپ ئەنسىرەيمەن، — دەپتۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان «تاغا» ئالاھىددىندىن بەكمۇ نارازى بوپتۇ:

— مۇشۇنداق كېتىۋەرسەڭ قانداق بولىدۇ؟ ئون بەش ياشقا كىرىپ قالغان تۇرۇقلۇقمۇ بىرەر ھۈنەرنىڭ بېشىنى تۇتماي يۈرۈۋېرەمسەن؟ بىچارە ئاناڭنىڭ ھالىغا يەتمەي، ئۇنى قاقشىتىپ يۈرۈشتىن نومۇس قىلمامسەن؟ قېنى، سەندىكى كۆيۈم!— دەپ ئەيىبلەپتۇ ۋە ئاخىر مۇنداق دەپ قوشۇپ قويۇپتۇ،— ئۇنداق بولسا مەن ساڭا بىر دۇكان ئېچىپ بېرەي، سەن سودا قىلىشنى ئۆگەن. شۇنداق قىلساڭ، كۆڭلۈڭ بىر يەرگە يىغىلىدۇ، بىكار تەلەپ بولۇپ قالمايسەن، كەلگۈسىدە چوڭ سودىگەر بولىسەن.

ئالاھىددىننىڭ ئانىسى تەسىرلەنگىنىدىن كۆزلىرىگە لىق ياش ئاپتۇ، ئىچىدە: «‹كونىلار تۇغقانچىلىقنىڭ بېغى مۇستەھكەم› دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن. ئۆز تاغىسى بولغاچقا، مانا مۇشۇنداق كۆيۈپ، پىشىپ كېتىۋاتىدۇ، يات بولسا نېمە كارى» دەپ ئويلاپتۇ.

سودىگەر بولىسەن، دېگەن گەپنى ئاڭلاپ ئالاھىددىن خۇشاللىقتىن سەكرەپ كېتىپتۇ. يۈز - ئابرۇيلۇق، باي سودىگەر بولۇش ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسى ئىكەن!

مەراكەشلىك ئالاھىددىننى كەينىگە سېلىپ ئېسىل كىيىم - كېچەك ئېلىپ بېرىپتۇ، مۇنچىغا چۈشۈرۈپ، قورسىقىنى توقلاپتۇ، ئاندىن يۇرتتىكى ئابرۇيلۇق چوڭ سودىگەرلەرنىڭ ئۆيىگە پەتە ئوقۇپ، ھەممە ياقتىن دۇكان

ئاچقۇدەك مۇۋاپىق يەر ئىزدەپتۇ. بۇ ئىشلارنى كۆرگەن ئالا-ھىددىننىڭ ئانىسى بۇ تۇغقىنىدىن ئىچ - ئىچىدىن رازى بولۇپ كېتىپتۇ - دە، ئالاھىددىننى ئۇنىڭ تەربىيىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ.

بىر كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن «تاغىسى» ئالا-ھىددىنغا:

— ئەتە سېنى شەھەر سىرتىدىكى مەشھۇر جايلارغا ئا-پىرىپ كېلىمەن. بۇ شەھەرنىڭ بىز كۆرمىگەن يېرى قال-مىدى. ياخشى سودىگەر بولۇش ئۈچۈن، ئۆزى تۇرۇشلۇق جاينىڭ ئويمان - چوڭقۇرىنى بىلمىسە بولمايدۇ، — دەپتۇ.

مەراكەشلىك ئەتىسى سەھەردە ئالاھىددىننى ئەگەشتۈرۈپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار شەھەر سىرتىغا چىققاندىن كېيىن بىرمۇ ئاسارئەتىقىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەي كۆرۈپتۇ. ئالاھىددىن ئۆز ئۆمرىدە بۇكۈنكىدەك خۇشال ئويناپ باقماپتىكەن.

كەچقۇرۇن ئۇلار ئاسمانغا تاقاشقۇدەك دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان بىر ئېگىز تاغنىڭ باغرىغا كەپتۇ. مەراكەشلىك ئالاھىددىنغا:

— بالام، ئەمدى سېنىڭ كۆز ئالدىڭدا ئاجايىپ - غارا-يىپ مەنزىرە ھاسىل بولىدۇ، ماڭ، بېرىپ بىرئاز شاخ يى-غىپ كەل، مەن ساڭا ھۈنىرىمنى بىر كۆرسىتىپ قوياي، — دەپتۇ.

ئالاھىددىن بىردەمدىلا بىرمۇنچە شاخ - شۇمبا يىغىپ كەپتۇ. مەراكەشلىك ئۇلارغا ئوت يېقىپ، قويىنىدىن خۇش پۇراق مەستىكى رۇمىنى ئېلىپ ئوتنىڭ ئۈستىگە چېچىپتۇ، ئاندىن باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، مەستىكى رۇمىدىن چى-قىۋاتقان ئىسقا قاراپ ئەپسۇن ئوقۇشقا باشلاپتۇ. ئۇ ئەپسۇننى بارغانسېرى تېز ئوقۇشقا باشلاپتۇ، ئەپسۇن ئوقۇش

تېزلەشكەنسېرى ئوتتىن چىقىۋاتقان ئىسمۇ شۇنچە قويۇق هەم تېز تۇرۇلۇپ - تۇرۇلۇپ چىقىپتۇ.

مەراكەشلىكنىڭ «ئېچىل» دەپ قاتتىق ۋارقىرىشى بىلەن تەڭ يەر يېرىلىپ چوڭ بىر يېرىق پەيدا بوپتۇ، ئاندىن يېرىقتا تۆت چاسا يوغان بىر تاش پەيدا بوپتۇ.

بۇ مەنزىرىنى كۆرگەن ئالاھىددىنىنىڭ قورقۇپ يۈرىكى چىقىپ كەتكۈدەك بوپتۇ. ئۇ قېچىپ كەتمەكچى بوپتۇ، ئەمما لاغ - لاغ تىترەۋاتقان پۇتلىرىنى يۆتكىگۈدەك ماجالى قالماپتۇ.

مەراكەشلىك ئۇنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويۇپ، مۇلايىملىق بىلەن:

— قورقمىغىن، بالام، سېنى بۇ يەرگە ئەكېلىشتىكى مەقسىتىم، ساڭا بۇ كارامىتىمنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۇ-



چۈن. بۇ يەردە سېنىڭ نامىڭدا ساقلىنىۋاتقان خەزىنە بار. بۇ خەزىنىنى پەقەت سەنلا ئاچالايسەن. قارىغىنا، ماۋۇ تاشنىڭ ئۈستىدە بىر مىس ھالقا بار. سەن ئۇنى تۇتۇپ تاشنى كۆتۈرسەڭلا، خەزىنە كۆز ئالدىڭدا نامايان بولىدۇ، — دەپتۇ.

بۇ گەپلەردىن ئالاھىددىنىڭ يۈرىكى سەل جايىغا چۈشكەندەك بوپتۇ. ئۇ «تاغىسى» نىڭ نېمە ئويۇن ئويناۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەي، ھېلىقى تاشقا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلىپتۇ. ئۇ تاش ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ئېغىر بىلىنىپتۇكى، كىچىككىنە جېنى بىلەن ئۇنى مىدىرلىتىشقا كۆزى يەتمەپتۇ.

مەراكەشلىك ئۇنىڭ ئىككىلىنىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، تىت - تىت بولۇشقا باشلاپتۇ:

— تېزرەك كۆتۈر، بالام، ئۇ تاشنى كۆتۈرۈپ خەزىنىنىڭ ئىشىكىنى ئاچساڭ، بۇ دۇنيادىكى ئەڭ باي ئادەمگە ئايلىنىسەن، شۇنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت، مىس ھالقىدىن تۇتۇپ تاشنى كۆتۈرگەن چېغىڭدا، ئاتا - ئاناڭنىڭ ۋە ئۆزۈڭنىڭ ئىسمىنى يۇقىرى ئاۋازدا توۋلا، شۇنىڭدىلا بۇ تاش ئۆزلۈكىدىنلا يۆتكىلىدۇ، چۈنكى بۇ سېنىڭ نامىڭدا ساقلانغان خەزىنە!

زور بايلىققا ئىگە بولۇش تەمەسىنىڭ تۈرتكىسىدە ئالاھىددىن تاشقا يېقىنلىشىپتۇ. ئۇ ئىچىدە، خەزىنە زادى بارمۇ، يوقمۇ، ئېچىپ باقسام بىر گەپ بولىمامدۇ، دەپ ئويلاپتۇ.

ئۇ مىس ھالقىدىن تۇتۇپ تاشنى كۈچەپ يۇقىرى كۆتۈرۈپتۇ، ئەمما ئۇ قورام تاش مىدىر - سىدىر قىلماپتۇ. ئۇ ئاتا - ئانىسى ۋە ئۆزىنىڭ ئىسمىنى توۋلاپ تۇرۇپ بىر كۆتۈرۈپتىكەن، مىڭ جىڭ ئېغىرلىقتىكى تاش خۇددى پەيدەك يەڭگىل كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ.

ئۇ قورام تاشنى بىر چەتكە ئىرغىتىپ تاشلاپ شۇنداق

قارىغۇدەك بولسا، بىر يەر ئاستى لەخمىسىنىڭ ئاغزى كۆرۈنۈپتۇ. لەخمىنىڭ ئاغزىغا ئون ئىككى تاش پەلەمپەينى بېسىپ چۈشكىلى بولىدىكەن.

مەراكەشلىك كۆزلىرىدىن شادلىق ئۇچقۇنلىرىنى چاچراتقان ھالدا، ئالاھىددىنغا لەخمىنىڭ ئاغزىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— پەلەمپەينى بويلاپ پەسكە چۈشسەڭ، بالام، بۇ دۇنيادا تەڭدىشى يوق زەردارغا ئايلىنىسەن. شۇنى ئېسىڭدە تۇتقىنكى، لەخمىنىڭ ئەڭ ئاستىغا چۈشكەندە تۆت ئېغىز ئۆينى، تۆت تەرەپنىڭ ھەر خىل قىممەت باھالىق ئۈنچە - مەرۋايىت، دۇر - جاۋاھىرلار بىلەن تولغانلىقىنى كۆرىسەن. ئاگاھ بولغىنكى، ئۇ نەرسىلەرگە قىزىقىپ ئېزىپ - تېزىپ تۇتۇپ سالما. بولمىسا شۇ زامان قارا تاشقا ئايلىنىپ كېتىسەن. تۆت ئىشىكنىڭ ئىچىدىكى مەھكەم ئېتىلگەن ئىشىككە كېلىپ، ئاتا - ئاناڭ ۋە ئۆزۈڭنىڭ ئىسمىنى چاقىرساڭ، ئۇ ئىشىك ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىدۇ، ئىشىكتىن كىرسەڭ، گۈل - گۈلىستانلىق بىر مېۋىلىك باغقا كىرىسەن، باغدىن ئۆتسەڭ، چوڭ بىر زالغا كىرىسەن. زالنىڭ تورۇسىغا بىر جىنچىراغ ئېسىقلىق. ئۇ يەردە بىر شوتا بار، شوتىغا دەسسەپ چىقىپ جىنچىراغنى ئال - دە، يېغىنى تۆكۈۋېتىپ قوينۇڭغا سال، ئۇنىڭدىن كېيىن لەخمىنىڭ ئىچىدىكى ھەرقانداق بايلىقنى خالىغانچە ئېلىۋەرسەڭ بولىدۇ. چۈنكى، سەن جىنچىراغنى قولۇڭغا ئالغاندىلا، بۇ بايلىقلارنىڭ ئىگىسىگە ئايلىنىسەن، — دەپتۇ.

ئالاھىددىن لەخمىنىڭ ئىچىگە شۇنداق قاراپتىكەن، ئىچى قاپقاراڭغۇ تۇرغۇدەك، زادى قانچىلىك چوڭقۇرلۇقىنى بىلگىلى بولمىغۇدەك. ئالاھىددىننى سۈر بېسىپتۇ. ئۇ بۇ قاراڭغۇ گۆرگە ئوخشايدىغان ئۆڭكۈردىن يىراقراق كېتىش ئۈچۈن كەينىگە داجىپتۇ.



مەراكەشلىك ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ-دە، قولىدىن بىر ئۈزۈكنى چىقىرىپ ئالاھىددىنىڭ بارمىقىغا سېلىپ قويۇپ دەپتۇ:

— قەدىرلىك جىيەن ئوغلۇم. بىر ئەركەك تۇرۇپ مۇشۇنچىلىك ئىشقىمۇ تەۋەككۇل قىلالمىساڭ، سېنىڭدىن قانداقمۇ چوڭ ئىشلارنى كۈتكىلى بولسۇن. قولۇڭغا سېلىپ قويغان بۇ ئۈزۈك خاسىيەتلىك ئۈزۈك، ئۇ سېنى ھەرقانداق بالا - قازادىن ساقلايدۇ. غەيرەتلىك بول، ساڭا ھېچقانداق خەۋپ - خەتەر كەلمەيدىغان بۇ ئىشقا تەۋەككۇل قىل!

«تاغىسى» نىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى بىلەن ئالاھىددىننىڭ يۈرىكى خېلى تومۇلاپتۇ. ئۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ پەلەمپەيلەردىن ئېھتىيات بىلەن چۈشۈپتۇ. ئۇن ئىككىنچى

پەلەمپەيدىن چۈشتۈم دېگەندە، ئۇنىڭ ئالدىدا لىق بايلىق بېسىلغان تۆت ئېغىز ئۆي زاھىر بوپتۇ.

بۇ چاغدا ئۇ «تاغىسى» نىڭ ئۆزىنى ئالدىمىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ يۈرىكى خېلىلا ئورنىغا چۈشۈپتۇ. ئۇ «تاغى-سى» نىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تۆت ئېغىز ئۆيىنىڭ ئىچى-دىكى ئىشىكى مەھكەم ئېتىلگەن ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ-تۇ، باغدىن ئۆتۈپ زالغا كىرىپ تورۇستىكى جىنچىراغنى ئاسانلا ئېلىپ قويىنىغا ساپتۇ، ئاندىن كەينىگە بۇرۇلۇپ باغقا سەپساپتۇ. باغدا ئوخشىغىنىدىن شاخلىرىنى كۆتۈرەلمەي قالغان مېۋىلىك دەرەخلەر، ھەر خىل گۈل - گىياھلار شۇنداق جىق ئىكەنكى، ئۇلارغا قاراپ ئالاھىددىنىنىڭ كۆزلى-رى ئالا چەكمەن بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ كۆزلىرىنى يوغان ئې-چىپ سىنچىلاپ قاراپ، دەرەخلەردە ساڭگىلاپ تۇرغانلارنىڭ ئەسلىي مېۋە ئەمەس، بەلكى ئۈنچە - مەرۋايىت، گۆھەر - ياقۇت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. ئىشقىلىپ، بۇ باغدا بۇ دۇن-يادىكى جىمى ئېسىل نەرسىلەرنىڭ قايسىسىنى ئىزدىسە شۇ بار ئىكەن.

ئالاھىددىن بىر نامرات ئائىلىنىڭ بالىسى بولغاچقا، ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان بۇ بايلىقلارغا قاراپ ئىچىدە: «ۋاي - ۋۇي، دەرەخ شاخلىرىدا ساڭگىلاپ تۇرغان بۇ ئەينەك شارچىلار ئەجەب چىرايلىق ئىكەن دېسە. ئۇلاردىن ئازراق ئۈزۈۋېلىپ ئاپىرىپ دوستلىرىم بىلەن ساقا قىلىپ ئوينىسام ئۇلار ھەيران قېلىشار» دەپ ئويلاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ شاخلاردىكى جاۋاھىرلارنى تا قويۇن يانچۇقلىرىغا پاتمىغۇچە قاچىلاپ، ئاندىن لەخمىنىڭ ئاغزىغا قايتىپ بېرىپتۇ. ئۇ پەلەمپەيلەردىن چۈشۈش ئاسان بولغىنى بىلەن ئېغىر يانچۇقلار بىلەن ئۈستىگە چىقىش قىيىنغا

توختاپتۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە، بۇ پەلەمپەيلەرنىڭ ئەڭ ئۇستى-
دىكىسى بەكرەك ئېگىز ئىكەن. شۇڭا، ئۇ لەخمىنىڭ ئاغزىدا
پەسكە قاراپ تۇرغان مەراكەشلىككە ئوڭ قولىنى ئۇزىتىپ:

— تاغا، مېنى تارتىۋېلىڭ! — دەپتۇ.

— ھەببەللى، باتۇر ئوغلۇم. چىراغنى دەرھال ماڭا سۇنۇۋەت، — دەپتۇ خۇشلۇقى تېشىغا تېپىپ چىققان مەراكەشلىك قولىنى سۇنۇپ. ئەمما، ئۇ ئالاھىددىننىڭ ئۇزاتقان قولىنى نېرى ئىتتىرىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ شۇ تۇرقىدىن ئەگەر قولى يەتسە ئالاھىددىننىڭ قوينىغىلا قول سالار ئىكەن.

— چىراغنى؟ — ئۇنىڭ بۇ قىلىقىدىن چۆچۈگەن ئالاھىددىن ئۆزىنى شاققىدە بىر چەتكە ئاپتۇ.

ئۇ كەپسىز، ئالاقاپ بولغىنى بىلەن ئاجايىپ ئەقىللىق



بالا ئىكەن. ئەسلىدە، ئۇ «تاغىسى» نىڭ ئائىلىسىگە قىلغان ياخشىلىقى ئۈچۈن، جىنچىراغنى ئۇنىڭغا چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ بېرىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىكەن. «تاغىسى» نىڭ بىتاقەتلىكى، ئاچ كۆزلۈك بىلەن يانغان كۆزلىرى ئۇنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويۇپتۇ. ئۇ ئىچىدە: «تاغام ئۈچۈن بۇ چىراغ مېنىڭدىنمۇ مۇھىممىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن چىراغ بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، مېنىڭ بىخەتەرلىكىمگە قىلچە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە چىراغنىڭ ئۈستىدە بىرمۇنچە ئەينەك شارلار تۇرسا، بۇ يەردە چىراغنى ئۇنىڭغا ئېلىپ بېرىشىممۇ تەسقۇ» دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ.

ئالاھىددىنىنىڭ ئۆزىنى قاچۇرغىنىنى كۆرگەن مەرا-كەشلىكنىڭ غەزەپتىن جان - ئىمانى چىقىپلا كېتىپتۇ. ئۇ ۋارقىراپ - جارقىراپ ئالاھىددىنىنى قايتىپ چىقىشقا



زورلاپتۇ. ئالاھىددىن ئۇنىڭ گېپىگە پىسەنتمۇ قىلماپتۇ. ئۇمىدى پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەن مەراكەشلىك ئەپسۇن ئوقۇشقا باشلاپتۇ.

توساتتىن ھېلىقى قورام تاش پىرقىرىغىنىچە كېلىپ لەخمىنىڭ ئاغزىنى گۈپپىدە ئېتىۋاپتۇ.

ئەسلىدە، يىراق يۇرتلاردىن ئېقىپ كەلگەن بۇ ناتونۇش ئادەم ئالاھىددىننىڭ تاغىسى بولماستىن، بەلكى بىر ئالدامچى سېھىرگەر ئىكەن.

ئۇ بىر سېھىرگەرلىك دەستۇرىدىن نەچچە يۈز يىللار-دىن بېرى توپا ئاستىدا قالغان ناھايىتى چوڭ بىر مەخپى-يەتلىكنى سېزىپ قالغانىكەن. ئۇ دەستۇردا، چىن دۆلىتى-نىڭ شىمالىدىكى بىر شەھەرنىڭ سىرتىدا ناھايىتى زور بايلىق يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقى، بولۇپمۇ ئۇ بايلىقلارنىڭ ئى-چىدىكى بىر جىنچىراغنىڭ تولىمۇ خاسىيەتلىك ئىكەنلى-كى، كىمكى ئۇنى قولغا چۈشۈرەلىسە، شۇ كىشى دۇنيادا تەڭدىشى يوق ئادەمگە ئايلىنىدىغانلىقى يېزىلغانىكەن. سې-ھىرگەرلىك دەستۇرىدا يەنە بۇ خاسىيەتلىك چىراغ بىلەن زور بايلىقنى پەقەت نامرات ئائىلىنىڭ بالىسى ئالاھىددىن ئىسىملىك بىر بالىنىڭلا ئاچالايدىغانلىقى، باشقا ھەرقانداق ئادەم، مەيلى ئۇ ئەۋلىيا بولۇپ كەتسىمۇ، ئۇ بايلىققا يېقىن كېلەلمەيدىغانلىقى قەيت قىلىنغانىكەن.

شۇڭا، بۇ مەراكەشلىك ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي، نۇر-غۇن جەبىر - جاپالارنى چېكىپ بۇ يەرگە كەلگەن، جىمى ھىيلە - نەيرەڭنى ئىشلىتىپ ئالاھىددىن بىلەن ئانىسى-نىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋالغانىكەن.

ئويلىمىغان يەردىن، خاسىيەتلىك چىراغ قولغا كېلەي دەپ قالغان ھالقىلىق بىر پەيتتە ئالاھىددىن دېگەن بۇ

ئۇششۇق ئۇنى مەراكەشلىككە بەرمەي قاشاڭلىق قىلىپ تۇرۇۋېلىپ، مەراكەشلىكنى داغدا قويۇپتۇ. بۇ خۇددى: «ئالتە ئاي ئاتقان پاختام بىر يوتقانغا يارىمىدى» دېگەندەك بىر ئىش بوپتۇ.

بۇلارنى ئويلاپ قورسىقى تېخىمۇ كۆپكەن، قەھر - غەزىپى كەلگەن مەراكەشلىك مەن ئىگە بولالمىغان نەرسىگە باشقىلارمۇ ئىگە بولالمىسۇن، بۇ ھارامزادە يەرنىڭ تېگىدە قېلىپ ئۆلسۇن، دەپ لەخمىنىڭ ئاغزىنى ھىم ئېتىۋېتىپتۇ، ئاندىن ئارزۇ - ئۈمىدى كۆپۈككە ئايلانغىنىچە ئافرىقىدىكى يۇرتىغا كېتىپتۇ.

يەر ئاستىغا قامىلىپ قالغان ئالاھىددىن «تاغا» دەپ گېلى يىرتىلغۇدەك ۋارقىراپتۇ، ئۆز تاغام بولغاندىكىن، ماڭا بۇنداق باغرى تاشلىق قىلماس، دەپ ئويلاپتۇ، ئەمما ئۇ «تاغىسى» نىڭ يىراقلاپ كېتىۋاتقان قەدەم تىۋىشىنى ئاڭلاپ، ئاندىن ئەقىل - ھوشىنى تاپقاندەك بوپتۇ. ئەسلىدە، بۇ «تاغا» نىڭ ئۈچىغا چىققان ئالدامچى، كاززاپ سېھىرگەر ئىدىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ كۆزىدىن ئاقتۇرغان ياشلىرى، ئانا - بالا ئىككىسىگە قىلغان غەمخورلۇقلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ھىيلىگەرلىك ئىكەنلىكىنى، ئاساسلىق مەقسىتىنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش نامرات بالىغا بۇ خەزىنىنىڭ ئىشىكىنى ئاچقۇزۇش، خاسىيەتلىك چىراغنى قولغا چۈشۈرۈش ئىكەنلىكىنى، چىراغنى ئۇنىڭغا بەرگەن ھالەتتىمۇ، ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆجۈقتۇرۇۋېتىپ، دۇنيادا خۇددى بۇنداق ئىش بولمىغاندەك كېتىپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىپتۇ. مۇشۇلارنى ئويلاپ، ئالاھىددىننىڭ تېنى شۈركۈنۈپ، تۈكلىرى تەتۈر ئۆرۈلۈپ كېتىپتۇ.

ئەمدىكى گەپ، بۇ يەردىن قانداق قىلىپ چىقىپ كېتىشتە قاپتۇ. مىڭ جىڭ ئېغىرلىقتىكى قورام تاشنى ئۆزىگە ئوخشاش كىچىك بالا ئۇياقتا تۇرسۇن، خېلى كۈچتۈڭگۈر

ئادەملەرمۇ قىمىرلىتالمايدىكەن. ئۇ، قېنى بىر سىناپ كۆرمەيمەنمۇ، دېگەن ئوي بىلەن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ تاشنى كۈچەپ ئىتتىرىپ بېقىپتۇ، ئەمما بۇمۇ كار قىلماپتۇ. ئۇ بۇ تاشقا پەقەت ھېلىقى ناتونۇش ئادەمنىڭلا سېھرى كار قىلىدىغانلىقىنى بىلىپتۇ، قارىغاندا بۇ دۇنيا دەپىنە كۆمۈلگەن ئۆڭكۈر مېنىڭمۇ گۆرۈمگە ئايلىنىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ھەسرەت چېكىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەردە دۇم يېتىۋېلىپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر ھېيلىگەر ئالدامچىغا ئاسانلا ئىشىنىپ قالغىنىغا، پاجىئەلىك تەقدىرىگە يىغلاپتۇ، قىلغان ـ ئەتكەن ئەسكىلىكلىرى، چاچلىرى ئۇچتەك ئاقارغان، كۈن بويى چاقىنىڭ قېشىدىن قوپمايدىغان بىچارە ئانىسىغا قىلغان ۋاپاسىزلىقلىرى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ، مىڭ بىر پۇشايمان يەپتۇ.

ئۇ شۇ تاپتا ئانىسىنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، توۋا قىلىپ، ئانا، بۇنىڭدىن كېيىن گېپىڭىزنى ئاڭلاپ ۋاپالىق، كۆيۈمچان بالا بولىمەن، دەپ قەسەم قىلىشنى، قىلغان ئەسكىلىكلىرىگە توۋا قىلىشنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلىدىكەن. لېكىن، مانا ئەمدى پۇشايماننى ئالىدىغانغا قاچا يوق ئىكەن. بېشىنى تاشقا ئۇرسىمۇ ۋاقىتنى كەينىگە قايتۇرغىلى بولمايدىكەن.

قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەن ئالاھىددىننىڭ كۆزى بىر چاغدا قولىدىكى ھېلىقى ئۈزۈككە چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇ «ۋاھ!» دەپ كەتكۈدەك ھېچ يېرى يوق ئادەتتىكىلا ئۈزۈك ئىكەن. لېكىن، ھېلىقى رەزىل سېھىرگەرنىڭ بۇ ئۈزۈكنى ئالاھىددىنغا بەرگۈچە، بۇ ئۈزۈك سېنى ھەرقانداق بالا ـ قازادىن ساقلايدۇ، دېگىنى ئالاھىددىننىڭ گۇپپىدە ئېسىگە كېلىپ

قاپتۇ. ئۇ، سېھىرگەر ئۆزۈكنى ماڭا تاقاپ قويغاندا، مەن تېخى خاسىيەتلىك چىراغنى قولۇمغا ئالمىغان. ئۇ چاغدا، ئۇ مېنىڭ خېيىمخەتەرگە ئۇچرىشىمنى خالىمايتتى، دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەچ، قولىدىكى ئۈزۈكنى ئىختىيارسىز سىلاپتۇ.

توساتتىن، تولىمۇ يوغان، ھەيۋەتلىك بىر دىۋە ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ، يەر - جاھاننى تىترەتكۈدەك ئاۋازدا:

— ئەي، خوجام، نېمە تاپشۇرۇقۇڭ بار، ئۇنى جان پىدا-



لىق بىلەن ئورۇنداشقا تەييارمەن، — دەپتۇ.
ناۋادا بۇ ئىش تۇنۇگۇن يۈز بەرگەن بولسا، قورققىنىدىن ئالاھىددىنىنىڭ يۈرىكى يېرىلىپ كېتەر ئىكەن. بىراق، بۈگۈن بىر كۈنىنىڭ ئىچىدە يۈز بەرگەن ئىشلار، سېھىرگەرنىڭ جادۇ ـ سېھىرلىرى ئۇنىڭ كۆزىنى خېلىلا ئېچىپ قويغان بولغاچقا، گەرچە قاتتىق چۆچۈگەن بولسىمۇ ئۆزىنى يوقىتىپ قويماپتۇ. ئۇ ئۆزىنى ئامالىنىڭ بارىچە بېسىۋېلىپ سوراپتۇ:
— سەن كىم؟ بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسەن؟
— مەن قولۇڭدىكى ئاشۇ ئۈزۈكنىڭ قۇلىمەن. كىمدەكىم ئۇ ئۈزۈككە ئېرىشسە، شۇ مېنىڭ خوجايىنىمغا ئايلىنىپ، مېنى ھەرقانداق ئىشقا بۇيرۇسا بەجانىدىل ئورۇندايمەن.
دىۋە شۇنداق دەپتۇ ۋە قول قوۋۇشتۇرغىنىچە خوجايىنىنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنداشقا ھازىر بولۇپ تۇرۇپتۇ.
ھە، ئىش ئەسلىدە مۇنداق ئىكەن ـ دە، دەپ ئويلىغان ئالاھىددىن ئاجايىپ خۇش بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ:
— مېنى شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە يەر يۈزىگە ئاچىقىپ قوي! — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ.
— باش ئۈستىگە، خوجام!
دىۋە يوغان پەتنۇستەك ئالىقىنىنى ئېچىپ ئالاھىددىننى ئېگىز كۆتۈرۈپتىكەن، زېمىن شۇ ھامان يېرىلىپ، ئالاھىددىن لەخمىنىڭ سىرتىغا، ھېلىقى يوغان قورام تاشنىڭ يېنىغا چىقىپ قاپتۇ. ئارقىدىنلا يەر بۇرۇنقى ئىسكەتىگە يېنىپ، دىۋە غايىب بوپتۇ. ئەمما، ھېلىقى ئۈزۈك ئۇنىڭ بارمىقىدا شۇ پېتى تۇرۇپتۇ.
گۆرگە كىرىپ قايتىپ چىققان ئالاھىددىن ھېچنېمىگە قارىماي شەھەرگە قاراپ چېپىپتۇ. ئۇ شۇ يۈگۈرگىنىچە

ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئاندىن يۈرىكى ئورنىغا چۈشۈپ،
«ئۇھ» دېگىنىچە بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ. چۈنكى، ئۇ قات-
تىق چارچىغان ھەم ئېچىرقىغان، ھەم چاڭقىغان بولغاچقا،
ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئۆزىدە جىددىيچىلىك، قورقۇنچتىن
پەيدا بولغان غەيرەت بىراقلا غايىب بولۇپ، بوشىشىپلا كەت-
كەنىكەن.

ئالاھىددىن ھوشىغا كېلىپ قارىسا، ئاپئاق كىرلىكلەر
سېلىنغان كارىۋاتتا ياتقۇدەك، بىچارە ئانىسى كۆزلىرىدىن
ياش ئېقىتقىنىچە ئۇنىڭ ئىسمىنى ھەدەپ چاقىرىۋاتقۇدەك.

ئالاھىددىن ئۇنىڭغا بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرنى، ھې-
لىقى خەزىنىنى تەسۋىرلەپ بېرىپتۇ. ئانىسى ئۇنى باغرىغا
مەھكەم باسقىنىچە توختىماي سۆيۈپ تۇرۇپ:

— خەزىنە - پەزىنە، بايلىق - پايلىق دېگەنلەر مەن
ئۈچۈن مۇھىم ئەمەس. مۇھىمى سېنىڭ ساق - سالامەت
قايتىپ كەلگەنلىكىڭ، — دەپتۇ.

خۇددى قاتتىق كېسەل تارتقاندەك ئاجىزلاپ كەتكەن ئا-
لاھىددىن زەئىپ ئاۋاز بىلەن:

— ئانا، قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى. ئۆمرۈمدە قور-
سىقىم بۇگۈنكىدەك ئېچىپ باقمىغان، — دەپتۇ.

ئانىسى ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆينىڭ ھەممە بۇلۇڭ -
پۇچقاقلىرىنى ئاختۇرۇپمۇ يېگۈدەك ھېچنېمە تاپالماپتۇ. ئۇ
ھەسرەت بىلەن بېشىنى چايقاپ دەپتۇ:

— ئۆيدىكى بار - يوقىنىڭ ھەممىسىنى چىقىرىپ
ھېلىقى قارا نىيەت سېھىرگەرنى مېھمان قىپتىكەنمەن، بالام.
سەل چىدا، مەن بېرىپ ئېگىرگەن ماۋۇ يىپلارنى سېتىپ،
يەيدىغان بىرئاز نەرسە ئەكېلەي.

ئالاھىددىن تۇرۇپ كېتىپ قويىنىدىكى ئەينەك ساقىلارنى
تۆكۈپ، ئۇلارنىڭ ئاستىدىكى جىنچىراغنى ئېلىپ، ئانىسىغا:

— مانا بۇ ھېلىقى سېھىرگەر ئەبلەخ قولغا كەلتۈرمەن دەپ كۆيۈپ ـ پىشىپ كەتكەن ھېلىقى چىراغ. بۇنىڭ نېمىگە ئىشلەيدىغانلىقىنى بىز بىلەلمىگەندىكىن، بازارغا ئاپىرىپ ئېلىشىغا سېتىۋېتىڭ، — دەپتۇ.



بۇ چىراغ داتلىشىپ توپا ـ چاڭ بېسىپ، كۆرگۈسىز بولۇپ كەتكەنىكەن. ئالاھىددىنىنىڭ ئانىسى: «ئۇنى پاكىزرەك سۈرتۈپ ئاندىن ساتسام، ئوبدانراق پۇلغا يارار» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، ئۇنى سۈرتۈشكە باشلاپتۇ.

ئويلىمىغان يەردىن، ئۇ چىراغنى شۇنداق سۈرتۈشىگلا بەھەيۋەت بىر دىۋە ئانا ـ بالىنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بوپتۇ.

ئۇنىڭ ئەپت ـ بەشىرىسى شۇنچىلىك قورقۇنچلۇق، بوي ـ بەستى شۇنچىلىك يوغان ئىكەنكى، ئۈزۈكنىڭ قۇلى دىۋە ئۇنىڭ ئالدىدا يىپ ئېشىپ قالىدىكەن. ئۇ گۈلدۈرمامىدەك ئاۋاز بىلەن:

— ھۆرمەتلىك ئىگەم، چاقىرىقىڭىزغا بىنائەن يېتىپ كەلدىم. مەن بۇ چىراغنىڭ قۇلى، كىم بۇ چىراغقا ئىگە

بولسا، مەن شۇنىڭ بۇيرۇقىنى بەجا كەلتۈرىمەن. مەنلا ئە-
مەس، بۇ چىراغنىڭ بارلىق قۇللىرىمۇ شۇنداق قىلىدۇ، —
دەپتۇ.

دىۋىنىڭ گۈلدۈرمامىدەك ئاۋازىدىن ئۆيلەر تىترەپ
تام - تورۇسلار غاراسلاپ كېتىپتۇ. بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتكەن
ئانىنىڭ يۈرىكى يېرىلىپ كەتكىلى قىل قاپتۇ. ئۇ: «ئاھ!»
دېگىنىچە هوشىدىن كېتىپتۇ.

ئالاھىددىنىنىڭ بېشىدىن بۇنداق ئىش بىر قېتىم ئۆ-
تۈلۈپ باققاچقا، ئۆزىنى ئانچە يوقىتىپ قويماپتۇ. ئۇ سې-
ھىرگەرنىڭ بۇ كۆرۈمسىز چىراغنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن
قىلىپ كەتكەن ھىيلە - مىكىرلىرىنىڭ تېگىگە ئەمدى



يېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىلچە ھودۇقماستىن:

— قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى، تېزرەك ماڭا مول نازۇنېمەتلەر كەلتۈر، ئانامنىمۇ ھوشىغا كەلتۈرىدىغان ئىشنى قىل، — دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ.

— باش ئۈستىگە، غوجام، — دەپتۇ دىۋە.

ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئايىغى تېخى چۈشمەستىلا، دىۋىنىڭ قولىدا يوغان بىر كۈمۈش پەتنۇس پەيدا بوپتۇ. بۇ پەتنۇستا ئون ئىككى خىل نازۇنېمەت سېلىنغان ئون ئىككى ئالتۇن تەخسە، ھورى چىقىپ تۇرغان ئاپئاق نانلار ۋە خرۇستال قەدەھكە لىق قۇيۇلغان مەي بار ئىكەن.

دىۋە پەتنۇستىكى تائاملارنى داستىخانغا چىرايلىق تىزىپ قويۇپلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ. بۇ چاغدا، ئالاھىددىننىڭ ئانىسىمۇ داستىخاننىڭ ئالدىدا باداشقاننى قۇرۇپ ئولتۇرۇپ بوپتۇ.

ئالاھىددىن ئانىسىغا بۇ نازۇنېمەتلەرنىڭ كېلىش مەنبەسىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئانا - بالا ئىككىيلەن ھۇزۇرلىنىپ غىزالىنىپتۇ. تاماقتىن كېيىن ئانىسى ئالاھىددىنغا:

— بۇ چىراغنىڭ قولى بولمىش دىۋىغۇ قولىدىن كەلمەيدىغىنى يوق كارامەت ئىگىسى ئىكەن. شۇنداقتىمۇ بىز ئۇنى كەچكىچە ئاۋارە قىلىۋەرسەك بولماس! ئادەمدە ئىنساپ، شۈكۈر - قانائەت بولۇشى كېرەك. ئامالىنىڭ يوقىدا ئۇنى چاقىرتمىساق، قالغان چاغدا ئۇنى ئاۋارە قىلمايلى. نەپسانىيەتچىلىكنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ، بالام، — دەپتۇ.

ئالاھىددىنغا ئانىسىنىڭ گەپلىرى تولىمۇ ئورۇنلۇق بىلىنىپتۇ. ئۇمۇ بېشىدىن ھېلىقىدەك ئىسسىق - سوغۇقنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن نورغۇن ئىشنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن ياخشى ئادەم بولۇشقا، نورغۇن

جاپا چەككەن ئانىسىنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇشقا بەل باغلىغانىكەن.

ئەتىسى، ئالاھىددىن چىراغنىڭ قۇلى بولمىش دىۋىنى ئاۋارە قىلماستىن، ھېلىقى ئون ئىككى ئالتۇن تەخسىنىڭ بىرىنى ئاچىقىپ سېتىپ روزغارىغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىۋاپتۇ. ئۇ تەخسىنى ساتقان پۇللار تۈگىگەندىن كېيىن يەنە بىر ئالتۇن تەخسىنى ئاچىقىپ سېتىپتۇ...

شۇنداق قىلىپ، شۇنداق ئېتىپ دېگەندەك، ئۇ ئون ئىككى ئالتۇن تەخسىنى سېتىپ بوپتۇ. ئۇ بۇ تەخسىلەرنى سېتىش جەريانىدا مەككار سودىگەرلەرنىڭ قاقتى - سوقتى قىلىشلىرىغا، ئالدامچىلىقىغا ئۇچراپ، خېلى بىر زىيانلارغىمۇ ئۇچراپتۇ، ئەمما ئۇ بۇنىڭدىن نۇرغۇن تەجرىبە، ئەقىل - پاراسەتكە ئىگە بوپتۇ.

ئۇ سەرراپلاردىكى باھاسى ئالەمچە بار گۆھەر - ياقۇت، دۇر - جاۋاھىرلارنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ خەزىنىنىڭ بېغىدىكى دەرەخلەردىن ئۈزۈۋالغان «ئەينەك ساقا» لىرىنىڭ ئەسلىدە باھاسىغا يەتكىلى بولمايدىغان، بۇ دۇنيادا كەم ئۇچرايدىغان



ئەتىۋارلىق نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. يەنە كېلىپ بۇ دۇر - جاۋاھىر دۇكىنىدىكى ئەڭ ئېسىل، ئەڭ ئەتىۋارلىق گۆھەر - ياقۇتلارمۇ مەيلى رەڭ جەھەتتىن بولسۇن ياكى چوڭ - كىچىكلىك جەھەتتە بولسۇن، ئالاھىددىننىڭ «ئەينەك ساقا» لىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كىچىكلىرىگە سېلىشتۇر-غاندىمۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىكەن. ھېلىقى مەراكەشلىك سودىگەرنىڭ، بۇ خەزىنىگە كىم ئېرىشەلىسە، شۇ بۇ دۇنيا-دىكى ئەڭ باي ئادەمگە ئايلىنىدۇ، دېگىنى ھەقىقەتەن راست ئىكەن.

ئالاھىددىن دۇنيادا تەڭدىشى يوق بايلىققا ئېرىشكەندىن كېيىن، بۇرۇنقىدەك يامان يولغا ماڭماپتۇ. ئۇ ھەر كۈنى سەھەر قوپۇپ بازارغا بېرىپ سودا - سېتىق ئىشلىرى بىلەن شۇ-غۇللىنىپتۇ. ئۇ شۇ ئارقىلىق ئۆزىنى ئىن-ساپلىق، سەمىمىي، چېچەن بىر سودىگەر قىلىپ تاۋلاپ چىقىشقا بەل باغلاپتۇ.



بۇگۈنمۇ ئۇ ئادىتى بويىچە ئۆيدىن چىقىپ-تۇ، ئۇ ئەمدىلا چوڭ كوچىغا چىقىشىغا بىر جاكارچى يول بويى:

— خالايىق، ئاڭ-لىمىدىم دېمەڭلار. پا-

دىشاھىمىز شۇنداق پەرمان قىلىدۇلەركى، بۈگۈن مەلىكە بەدرۇل ھامىمامغا كېلىپ يۇيۇنۇپ، ئىسرىق سالماقچى. بار-لىق پۇقرالارنىڭ ئۆزىنى چەتكە ئېلىشى ۋاجىپتۇر. بارلىق دۇكانلار بىر كۈن تاقالسۇن، پۇقرالار ئۆيىدىن تالاغا چىقمى-سۇن! پەرمانغا بويسۇنمىغانلار جازاغا تارتىلىدۇ! — دەپ جا-كارلاپ يۈرگۈدەك.

مەلىكىنىڭ پەرىشتىلەردەك گۈزەل رۇخسارى بۇ شەھەر خەلقىنىڭ ئاغزىدىن چۈشمەيدىكەن، ئەمما ئۇنى ھېچكىممۇ كۆرۈپ باقماپتىكەن. پادىشاھنىڭ پەرمانىنى ئاڭلىغان ئالا-



ھەددىنىڭ كۆڭلىگە جىن چۈشۈپتۇ – دە، دەرھال ھاممامغا يۈگۈرۈپ بېرىپ بىر خىلۋەت جايغا مۆكۈنىۋاپتۇ. ئۇ مەلىكىنىڭ زادى قانچىلىك گۈزەل ئىكەنلىكىنى بىر كۆرۈپ باقماقچى بوپتۇ.

بىر چاغدا مەلىكە بىر توپ كېنىزەكلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا چېكىپ دەسسەپ مېڭىپ كىرىپ كەپتۇ. ئۇ يۈزىدىكى چۈمپەردىسىنى شۇنداقلا ئاپتىكەن، ئەييۇھەنناس، ئۇ شۇنچىلىك گۈزەل ئىكەنكى، ئۇنىڭ گۈزەللىكى ئالدىدا ئايمۇ خىجىل ئىكەن. ئۇ پەرەنجىسىنى شۇنداق ئاپتىكەن، سەرۋىدەك گۈزەل قەددى – قامىتى نامايان بوپتۇ. دۇنيادا بۇنداقمۇ گۈزەل ئىنسانىنىڭ بارلىقىنى ئالاھەددىن خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقماپتىكەن.

مەلىكىنىڭ گۈزەللىكىدىن ئەس – ھوشىنى يوقاتقان ئالاھەددىن ئۆيىگە قانداق قايتىپ كەلگىنىنى بىلمەي قاپتۇ. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئۇ ئاش – تاماقتىن قاپتۇ، ئۇيقۇدىن بىدار بوپتۇ. مەلىكىنىڭ گۈزەل رۇخسارى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر دەقىقىمۇ نېرى بولماپتۇ.

ئوغلىنىڭ روھى چۈشۈپ كەتكەندەك بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەن ئانىنىڭ يۈرىكى چىدىماي، ئاخىر ئالاھەددىندىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپ تۇرۇۋاپتۇ. ئانىسىدىن بۇ سىرنى يوشۇرۇشنى خالىمىغان ئالاھەددىن ئاخىر كۆرگەن – بىلگىنىنى ئانىسىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇ ئانىسىنىڭ قولىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ:

— جېنىم ئانا، بەدرۇل مەلىكىنى ئالىمەن، دەپ قەسەم ئىچىۋەتتىم. سىز ئوردىغا ئەلچىلىككە بارغان بولسىڭىز، — دەپ يېلىنىپتۇ.

ئالاھەددىنىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغان ئانا، ئوغلۇم ساراڭ

بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ چۆچۈپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئالاھىدىنىغا نەسىھەت قىلغىلى تۇرۇپتۇ.

— جېنىم بالام، ئاغزىمىز ئەمدى تېخى ئاشقا تېگىۋىدى، سەن نەدىكى يوقىلاڭ خىياللارنى قىلغىلى تۇردۇڭ. مەلىكە دېگەن ئاسماندىكى ئاي، سەن دېگەن يەردىكى لاي. پادىشاھنىڭ قىزىنىڭ تىككۈچىنىڭ ئوغلىغا تەگكىنى نەدە بار. خەق ئاڭلىسىمۇ ئاھانەتكە قالىمىز، بالام. شۇڭا، سىڭگەن نېنىڭ-نى يەپ، كۆڭۈلنى ئېلىپ يۈرگىن. پادىشاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ كەتمىگەن تەقدىردىمۇ، مەلىكىگە سېلىنىدىغان



تويلۇقنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمىز، جېنىم بالام.

— بىر ئىشقا نىيەت قىلىپ ئاتلانماي تۇرۇپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدقا چىقمايدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلماق تەس، — دەپتۇ ئالاھىددىن، — تويلۇق ئىشىغا كەلسەك، بۇنىڭغا مېنىڭ ئى-
شەنچىم كامىل. مەن خەزىنىنىڭ بېغىدىن ئۈزۈۋالغان گۆ-
ھەر - ياقۇتلار ئىنتايىن قىممەتلىك. ماڭا ئىشىنىڭ، ئانا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ كۆرۈمسىز دېيىلگەن بىر تېلىنى ئاپىرىپ پادىشاھنىڭ خەزىنىسىدىكى گۆھەر - ياقۇتلارغا سېلىشتۇرسىڭىز، يەنىلا مېنىڭ بېسىپ چۈشىدۇ. سىز ئۇلارنى ئاپىرىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا قويسىڭىز، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئالا چەكمەن بولۇپ كەتمىسە ھېساب ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سىز-
نىڭ تەلىپى-
ڭىزگە قوشۇ-
لۇپ قالسىمۇ ئەجەب ئەمەس.



ئانىسى ئوغلىنىڭ جا-
ھىللىقىغا قا-
راپ، بوپتۇ، سىناپ باقسام باقاي، دېگەن يەرگە كەپتۇ. ئۇ دۇر - جاۋاھىر، گۆھەر - ياقۇت-
لارنى چىرايلىق خالتىغا سېلىپ

پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا مېڭىپتۇ.

بۇ دەل پادىشاھ پۇقرالارنى قوبۇل قىلىدىغان كۈن ئىكەن. شۇڭا، ئالاھىددىننىڭ ئانىسى قاق سەھەردىلا كېلىپ ئوردىنىڭ ئالدىدا ساقلاپ تۇرۇپتۇ.

بىر چاغدا پادىشاھ ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا چىقىپ كەپتۇ. پادىشاھنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىشنى كۈتۈپ تۇرغان خالايىق تولىمۇ كۆپ ئىكەن. بىراق، پادىشاھ چاچلىرى ئۇچتەك ئاقارغان، چىرايىنى قورۇق باسقان، قولىدا بىر خالتا كۆتۈرگىنىچە يەرگە قاراپ تىترەپ تۇرغان ئۇ ئايالغا دىققەت قىپتۇ - دە، ۋەزىرىگە:

— ئاۋۋال ئاۋۇ ئايالنى ئالدىمغا ئەكېلىڭ. ئۇنىڭ چىرايىدىن بەك ئازابلىنىۋاتقىنى، ناھايىتى چوڭ ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغىنى چىقىپ تۇرۇپتۇ! — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ.

— باش ئۈستىگە! — دەپتۇ ۋەزىر ۋە ئالاھىددىننىڭ ئانىسىنى يېتىلەپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ قويۇپتۇ.



ئالاھىددىننىڭ ئانىسى لاغ - لاغ تىترىگىنىچە پادىشاھقا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپتۇ، ئەمما قورقىنىدىن ئاغزى گەپكە كەلمەي قاپتۇ.

— نېمە تەلەپىڭىز بولسا قورقماي دەۋېرىڭ، — دەپتۇ پادىشاھ مۇلايىملىق بىلەن، — تەلەپىڭىز ئورۇنلۇق بولسىلا، چوقۇم ئورۇنداشقا ئىجازەت بېرىمەن.

لېكىن، ئۆزىنىڭ قويماقچى بولغان تەلىپىنىڭ ئانچە ئەقىلغا مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى، بۇنىڭ پادىشاھنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويۇشىدىن قورققان بىچارە ئانا تۇرۇپ كېتىپ، ئاندىن:

— ئى، مېھىر - شەپقەتلىك شاھىم، مەن گېپىمنى قىلىشتىن ئىلگىرى ئانا - بالا ئىككىمىزنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كېچىشلىرىنى تىلەيمەن، — دەپتۇ دۇدۇقلاپ تۇرۇپ.

يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بۇ مەزلۇمنىڭ قانچىلىك چوڭ گۇناھى بولماقچىدى، دەپ ئويلىغان پادىشاھ بۇ ئايالنىڭ گەپلىرىگە قىزىقىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەردانە ھالدا:

— بولىدۇ، ئانا - بالا ئىككىڭلارنىڭ بىر قوشۇق قېنىڭلاردىن كېچەي. قېنى، قانداق تەلەپىڭىز بولسا قورقماي ئېيتىۋېرىڭ، —دەپتۇ.

— كەرەملىك، مېھىر - شەپقەتلىك پادىشاھىم، — دەپ گېپىنى باشلاپتۇ پادىشاھنىڭ كەڭ قورساقلىقىدىن خېلىلا يۈرىكى تومىلىشىپ قالغان ئانا، — مېنىڭ ئالاھىددىن ئىسىملىك بىر ئوغلۇم بار ئىدى. قايسى كۈنى ئۇ ھاممامنىڭ كارىدورىدا مەلىكىنى بىرلا كۆرۈپ ئۇنىڭغا كۆيۈپ قاپتۇ. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئۇ يېمەي، ئىچمەي، مەلىكىنى كېچە - كۈندۈز خىيالىدىن نېرى قىلماي، ئاشىق - بىقارار بولۇپ ئولتۇرىدۇ. ئۇ مەلىكىنى خوتۇنلۇققا ئالمىسا، مەلىكىنىڭ ئىشقى - پىراقىدا ئۆلۈپ قالىدىغان ئوخشايدۇ. شۇڭا، مەن كاللامنىڭ كېتىشىدىن قورقماي ئالدىلىرىغا مەلىكىنى ئوغلۇمغا خوتۇنلۇققا سوراپ كېلىشىم. ئالىيلىرىنىڭ بۇ

تويـ ئىشىغا قوشۇلۇپ بىر تال ئوغلۇمنىڭ ھاياتىنى قۇت-
قۇزۇپ قېلىشلىرىنى سورايمەن.
بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان پادىشاھ ئالاھىددىننىڭ ئانىسىغا
قاراپ، تۇيۇقسىز قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. ئۇ شۇنچىلىك
قاتتىق كۈلۈپتۇكى، ئۆمرىدە ئاڭلاپ باقمىغان ھەزىل -
چاقچاقنى بۈگۈن ئاڭلىغاندەك كۈلۈپتۇ. ئۇ راسا كۈلۈپ بو-
خادىن چىققاندىن كېيىن، ئاندىن:
— قولىڭىزدىكى نېمە ئۇ؟ ماڭا ئۇنى بۇ ئوغلۇمنىڭ
مەلىكىگە ئاتىغان تويلۇقى دېمەيدىغانسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.
— شۇنداق ئالىيلىرى، بۇ دەل مەلىكىنىڭ تويلۇقى! —
دەپتۇ ئالاھىددىننىڭ ئانىسى.
ئۇ ئالدىرىماي - تېنىمەي خالتىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ
ئىچىدىكى جاۋاھىرلارنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا تۆكۈپتۇ.



شاراقلىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئاجايىپ ئېسىل گۆھەر - يا-
قۇتلار ۋال - ۋۇل قىلىپ كۆزنى چاقنىتىۋېتىپتۇ. بۇلارنى
كۆرگەن پادىشاھنىڭ كۆزلىرى ئالا چەكمەن بولۇپ كېتىپتۇ.
ئۇ تاشلارنىڭ ئىچىدىكى ھەرقانداق بىر تېلىنىڭ
ئۆز تاجىسىدىكى پۈتۈن ئەل بويىچە ئەڭ چوڭ ھېسابلىنىدى-
غان گۆھەردىنمۇ ئېسىل ھەم قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى
كۆرۈپ ھەيرانۇھەس بوپتۇ. ئۇ ئەل سوراۋاتقان پادىشاھ



بولغىنى بىلەن بۇنداق ئېسىل گۆھەر - ياقۇتنى ئۆمرىدە كۆرۈپ باقماپتىكەن.

— ئوڭ قول ۋەزىرىم، سىزنىڭكىدە مۇشۇنداق گۆھەر بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ قولىغا بىر تال ياقۇتنى ئېلىپ كۈن نۇرىغا تۇتۇپ تۇرۇپ.

— ئالىيلىرى، مېنىڭ ئۆيۈمدە ئەمەس، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىگەن بولسام، جاھاندا بۇنداق ئېسىل تاشنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەس ئىكەنمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ۋەزىر.

— ئۇنداق بولسا، بۇنچىۋالا ئەتىۋارلىق نەرسىنى تويلۇق قىلىپ ئەۋەتكەن يىگىت ماڭا كۈيئوغۇل بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەنغۇ! — دەپتۇ پادىشاھ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئوڭ قول ۋەزىر چۆچۈپ كېتىپتۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ بىلەن پادىشاھ مەلىكىنى ئۇنىڭ ئوغلىغا بېرىدىغان بولۇپ پۈتۈشكەنىكەن. ۋەزىرنىڭ بۇ ئامەتنى ھەرگىز قولدىن بېرىپ قويغۇسى يوق ئىكەن. ئۇ پادىشاھنىڭ ئالدىدا گۈپپىدە تىزلىنىپتۇ - دە، چەكسىز ئەلەم بىلەن:

— ئالىيلىرى، ئۆز ۋاقتىدا سىلى مەلىكىنى ئوغلۇمغا بېرىشكە رازى بولغانىدىلە. بۇ مەرھەمەتلىرىدىن ئاتا - بالا ئىككىمىز چەكسىز ئىپتىخار، سۆيۈنۈش ھېس قىلغانىدۇق. سىلىدىن قاپ يۈرەكلىك بىلەن شۇنى ئۆتۈنىمەنكى، ماڭا ئۈچ ئاي مۆھلەت بەرگەن بولسىلىرى، مەن ئۇنىڭدىنمۇ ئېسىل تويلۇق تەييارلاپ ھۇزۇرلىرىغا ئەكەلسەم! — دەپ يېلىنىپ - يالۋۇرۇپتۇ.

پادىشاھ بۇنداق قىلىش ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغىنىنى ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ، ئۆزىنىڭ كەڭ قورساقلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ماقۇل بولۇپ باش لىڭشىتىپتۇ. ئۇ ۋەزىرگە:

— بولىدۇ. تەلىپىڭىزگە قوشۇلىمەن، — دەپتۇ، ئاندىن ئالاھىددىننىڭ ئانىسىغا قاراپ، — ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ ناۋادا، ئوڭ قول ۋەزىرىم ئۈچ ئاي مۆھلەت ئىچىدە ۋەدىسىنى ئورۇندىيالمىسا، قىزىمنى سىزنىڭ ئوغلىڭىزغا بېرىمەن، — دەپتۇ.

بۇ ئىش تولىمۇ ئەقىلغا مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئالاھىددىننىڭ ئانىسى باشقا گەپ - سۆز قىلماپتۇ. ئۇ خۇشال ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، بۇ خۇش خەۋەرنى ئالاھىددىنغا يەتكۈزۈپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئالاھىددىننىڭ خۇشاللىقتىن بېشى كۆككە تاقاشقاندەك بىلىنىپتۇ. بۇ بەسلىشىشتە، قانداقلا قىلمىسۇن ئوڭ قول ۋەزىرنى يېڭىۋېلىشقا ئۇنىڭ ئىشەنچى كامىل ئىكەن. چۈنكى، ۋەزىر ئۇ خەزىنىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن، بىلىسىمۇ ئۇنى ئاچالمايدىكەن. شۇڭا، ئالاھىددىننىڭ پۈتۈن ئەس - يادى شاھقا كۈيئوغۇل بولۇشتىلا قاپتۇ.

كۈنلەر بىر - بىرىنى قوغلىشىپ تولىمۇ تېز ئۆتۈشكە باشلاپتۇ. ھەش - پەش دېگۈچە ئۈچ ئايلىق سۈرۈكنىڭ ئىككى ئېيى توشۇپ قاپتۇ. ئەمما، بۇ كۈنلەردە ئالاھىددىن ئۈچۈن بىر كۈن بىر يىلدەك بىلىنىپتۇ. ئۇ ئەتىدىن - كەچكىچە بارماقلىرىنى پۈكۈپ، ئۈچ ئاي توشۇشقا يەنە قانچە كۈن قالدىكىن دەپ ساناپلا ئولتۇرۇپتۇ. ئانىسىمۇ ئوغلىغا چىرايلىق ئۇستىۋاش تەييارلاپ، ئوغلىنىڭ ئوردىغا سالاپەتلىك كىرىشىنىڭ تەييارلىقىغا چۈشۈپتۇ.

بىر كۈنى، ئالاھىددىننىڭ ئانىسى تاماق ئېتەي دېسە ئۆيدە ياغ قالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بازارغا ياغ سېتىۋالغىلى بېرىپتۇ. بىراق، ھايال ئۆتمەي ئۇ ئۆڭسۈلى ئۆچكەن ھالدا ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، شېرىن خىيال دېڭىزىدا ئۈزۈۋاتقان ئوغلىغا شۇنداق دەپتۇ:

— ۋاي، بالام، ئىشىمىز چەپكە تارتىپتۇ. بازارنىڭ ھەممە يېرى خۇددى بايرام بولغاندەك شاد - خۇراملىقتا چۆمۈپتۇ. نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئۇقالماي باشقىلاردىن سورىسام، پادىشاھ مەلىكىنى ۋەزىرنىڭ ئوغلىغا بېرىدىغان بوپتۇ ئەمەسمۇ! بۈگۈن كەچ ئوردىدا ئۇلارنىڭ توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈلىدىكەن. ۋاي، ئىسىت، پادىشاھ ئانا - بالا ئىككىمىزنى ئالداپتۇ ئەمەسمۇ!

ئەسلىدە ئىش مۇنداق ئىكەن: ئۇ كۈنى ئالاھىددىنىنىڭ ئانىسى كېتىشى ھامان پادىشاھ قىلغان گېپىگە پۇشايمان قىپتۇ. ئۇنىڭ بىر تاللا مەلىكە قىزىنى ئاددىي پۇقرانىڭ ئوغلىغا بەرگۈسى كەلمەپتۇ. قوشنا دۆلەتلەرنىڭ پادىشاھلىرى بۇنى ئۇقسا ئۆزىنى مازاق قىلىشىدىن، كۆزگە ئىلماسلىقىدىن، ئەل ئالدىدا بىر قېرى خوتۇننىڭ جاۋاھىرلىرىغا قىزىقىپ، قىزىنى بايلىققا تېگىشىۋەتتى، دېگەن ئاتاققا قېلىشىدىن قورقۇپتۇ. شۇڭا، ئۇ ۋەزىر بىلەن پۈتۈشۈپتۇ - دە، توينى قىلىۋېتىپلا قاراپ ئولتۇرۇش، تىككۈچىنىڭ ئوغلىغا بىرەر كېنىزەكنى جۈپلەپ قويۇش نىيىتىگە كەپتۇ. ئۇلارنىڭچە، بىر ئاددىي پۇقرا يىگىتنىڭ ئوردا كېنىزىكىگە ئېرىشىشىنىڭ ئۆزى كارامەت چوڭ ئىش ئىكەن، ئۇنىڭدىن باشقا پۇقرا بۇنداق ياخشى ئىشنى ئۇخلىسا چۈشىدىمۇ كۆرەلمەيدىكەن.

بۇ ئىش ئوڭ قول ۋەزىرگىمۇ چۆپتەك يېقىپتۇ. چۈنكى، پادىشاھ بەرگەن سۈرۈك ئىچىدە ئالاھىددىنىنىڭ ئانىسى ئېلىپ كەلگەن جاۋاھىرلاردىنمۇ ئېسىل جاۋاھىرلارنى تاپالماي ئۇنىڭ بېشى تازا قېتىپ تۇرغانىكەن. شۇڭا، ئۇ پادىشاھنىڭ لەۋزىدىن يېنىۋالغىنىنى كۆرۈپ چەكسىز شادلىققا چۆمۈپتۇ - دە، ئالدىراش توي تەييارلىقىغا چۈشۈپتۇ.

ئانىسىدىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئالاھىددىننىڭ پادىشاھنىڭ يۈزسىزلىكىگە غەزىپى تېشىپتۇ. ئۇ خۇددى قەپەسكە چۈشۈپ قالغان شىردەك ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇيانىدىن بۇيانغا ئۆزىنى ئۇرۇپ، تېپىرلاپلا كېتىپتۇ. تۇساتتىن ئۇنىڭ كۆزى ئېگىزگە ئېسىقلىق تۇرغان خاسىيەتلىك چىراغقا چۈشۈپتۇ - دە، كۆڭلى شۇ ھامان ئارامىغا چۈشۈپتۇ. ئۇ ئىچىدە: «خەپ، پادىشاھ بولغان ئادەم پۇقرالارنى خالىغانچە ئەخمەق قىلىپ ئوينىسا بولامدىكىنە؟ پادىشاھ تۇرۇپ سەن لەۋزىڭدە تۇرمىساڭ، مەنمۇ سېنى ئاياپ ئولتۇرمايمەن. بىر شاھ تۇرۇپ لەۋزىدىن يېنىۋالسا قانداق بولىدىغىنىنى ساڭا بىر كۆرسىتىپ قوياي» دەپ ئويلاپتۇ.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئانىسى ئۇخلاپ قاپتۇ. ئالاھىددىن خاسىيەتلىك چىراغنى ئېلىپ ھۇجرىسىغا كىرىپتۇ - دە، ئۇنى ئاستا سىلاپتۇ. شۇ ھامان ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ھېلىقى بەھەيۋەت دىۋە پەيدا بولۇپ، گۈلدۈرمامىدەك ئاۋازى بىلەن:



— ئەي، ئىگەم، نېمە تاپشۇرۇقىڭىز بولسا، دەرھال بەجا كەلتۈرىمەن! — دەپتۇ.

ئالاھىددىن بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بې-رىپتۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا بەزىبىر ئىشلارنى تاپشۇرۇپتۇ.

— خوپ، ئىگەم! — دىۋە شۇنداق دەپلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

بۇ چاغدا، ئوردىدىكى توي مەرىكىسى قىزىپ ئەۋجىگە چىقىپتۇ. پۈتۈن ئوردا ئەھلى خۇشال - خۇراملىق ئىچىدە قىز بىلەن يىگىتنى ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ قويۇپتۇ. ۋەزىر بىلەن ئوغلىنىڭ خۇشاللىقتىن ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپتۇ.



قىز بىلەن يىگىت يېڭى ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكىنى ئېتىپ ئەمدىلا ئارام ئالايلى دەپ تۇرۇشىغا، توساتتىن غەلىتە قۇيۇن چىقىپ، قىز - يىگىتنى كارىۋىتى بىلەن قوشۇپ ئوردىدىن ئۇچۇرۇپ چىقىپ ئالاھىددىننىڭ ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئەكىلىپ قويۇپتۇ.

بۇنى كۆرگەن ئالاھىددىن خۇشاللىقتىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قاپتۇ. ئۇ ۋەزىرنىڭ ئوغلىنى دىۋىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— مانا بۇ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىغانلىقىنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتتى. ئۇنى ھاجەتخانىغا ئاچىقىپ قوي، ئۇ كېچىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزسۇن، — دەپتۇ.

دىۋە بىلەن ۋەزىرنىڭ ئوغلى كۆزدىن غايىب بوپتۇ. ئالاھىددىن قورقىنىدىن يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتەي دەپ قالغان مەلىكىنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئەي گۈزەل مەلىكە، سىزنى بۇ يەرگە ئەكېلىشىمدە ھېچقانداق يامان نىيەت يوق. ۋەزىر بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغان ئىشەنچسىز كىشىلەر. ئۇنداق ئادەمگە بىر ئۆمرىڭىزنى ئاتا قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە، بۇزرۇكۋارىڭىز ئۆز ئاغزى بىلەن سىزنى ماڭا خوتۇنلۇققا بېرىشكە ئەھدە قىلغان. مەن سىزنى چىن كۆڭلۇمدىن سۆيىمەن. سىزسىز ياشىيالمىغاچقا، مۇشۇ ئامال بىلەن سىزگە ئېرىشىشكە مەجبۇر بولدۇم، — دەپتۇ.

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ قىزنىڭ يېنىدا كىيىمى بىلەنلا يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگىنى ئۇ دىۋىنى چاقىرتىپ كېلىپ مەلىكىنى ۋە سېسىق ھاجەتخانىدا بىر كېچىنى ئۆتكۈزگەن بەختسىز كۈيئوغۇلنى ئوردىغا ئاپارغۇزۇۋېتىپتۇ. توي

كارىۋتى ئاستا پەسلەپ ئۇردىغا چۈشكەندە ھەم قورقۇپ
كەتكەن، ھەم ھەيران قالغان قىز بىلەن يىگىت بىر - بى-
رىگە قاراشقىنىچە پارقىراپ ئولتۇرۇپ، بىر ئېغىزمۇ زۇۋان
سۈرەلمەپتۇ.

بىردەمدىن كېيىن پادىشاھ قىزى بىلەن يېڭى «كۈي-
ئوغۇل» نى كۆرگىلى كەپتۇ. ئۇ مەلىكىنىڭ پېشانىسىگە
سۆيۈپ قويۇپ، ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراپتۇ. ئەمما، قورقۇپ
كەتكەن مەلىكىنىڭ ئاغزى يەنىلا گەپكە كەلمەپتۇ.

ھاجەتخانىدا بىر كېچە تۈنىگەن «كۈيئوغۇل» توڭلى-
غىنىدىن ھەم قورققىنىدىن لاغ - لاغ تىترىگىنىچە قېلىن
يوتقانغا پۈركىنىپ يېتىۋاپتۇ. ئۇنىڭ قوپۇپ قېيناتىسىغا
سالام بەرگۈدەكمۇ ھالى يوق ئىكەن. يوتقاندىن چىقماي تۇ-
گۈلۈپ ياتقان كۈيئوغلىنى كۆرگەن پادىشاھنىڭ غەزىپىدىن
قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ، قىزىنىڭ
ئالدىدا چاندۇرماي ھۇجرىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

پادىشاھ ھەرىمىگە قايتىپ بېرىپ كۆرگەن غەلىتە
ئىشنى خانىشقا سۆزلەپ بېرىپتۇ. پادىشاھنىڭ گەپلىرىدىن
دەرگۇمان بولغان خانىش زادى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىر
ئۇقۇپ كېلەي، دېگەن نىيەتتە قىزىنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ.
مەلىكە بەدرۇل بۇدۇل ئانىسىنى كۆرگەندىن كېيىن سەل
ئېسىنى يىغىپتۇ ۋە ئاخشام كۆرگەنلىرىنى، غەلىتە بىر
قۇيۇننىڭ ئۆزلىرىنى ئۇچۇرۇپ زەي، قاراڭغۇ بىر ئۆيگە ئا-
پىرىپ قويغانلىقىنى، كۈيئوغۇلنىڭ ئىز - دېرەكسىز غا-
يىب بولغىنىنى، بۈگۈن ئەتىگەن ئۆزلىرىنىڭ يەنە قانداق
قىلىپ بۇ يەرگە ئەكېلىنگەنلىكلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.
لېكىن، ئۇ ئالاھىدىنى كۆرگىنىنى يوشۇرۇپ قاپتۇ. قىز
بالا تۇرۇپ بۇ ئىشنى تىلغا ئېلىشقا ئۇنىڭ نومۇس كۈچى

يول قويماپتۇ.

بۇنداق غەلىتە ئىشنى خانىش ئۆمرىدە كۆرۈپ بېقىش
تۇگۇل ئاڭلاپمۇ باقماپتىكەن. ئۇ بۇ ئىشنى مەلىكىنىڭ
چۈشى ياكى خىيالىي تۇيغۇسى، هازىرقىدەك تىنچ، ئاسايىش-
لىق زاماندا كىممۇ بۇنداق قاپ يۈرەكلىك بىلەن ئوردىنىڭ
ئىچكىرىسىدىكى مەلىكە بىلەن كۈيئوغۇلنى تۇتقۇن قىلىپ
ئاچىقىپ كېتەلەيدۇ، دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ بۇ ئىشنى ئايدىڭلاش-
تۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، ۋەزىرنىڭ ئوغلىنى ئايرىم چاقىرتىپ
سوراپ بېقىپتۇ. بۇ كۈيئوغۇل بولغان ۋەقەنى ئېيتسام پادى-
شاھ بۇ توي ئىشىنى بىكار قىلىۋەتمىسۇن، دەپ قورقۇپ،



خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك:

— ھۆرمەتلىك خانىش ئانا، مەلىكىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى پەقەت ئۇقالمىدىم. ئۇ يامان چۈش كۆرۈپ قالغان ئوخشايدۇ، — دەپتۇ.

ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغان خانىش ئۆزىنىڭ پەرىزىگە تېخىمۇ بەك ئىشىنىپتۇ. پادىشاھمۇ خانىشنىڭ گېپىنى ئورۇنلۇق دەپ قاراپ، بۇ ئىشنى قايتا سۈرۈشتە قىلماپتۇ.

كۈندۈز ئۆتۈپ، كەچ كىرىپ ئۇخلايدىغان چاغ بوپتۇ. ئالاھىددىن دىۋىنى چاقىرىپ، مەلىكە بىلەن ۋەزىرنىڭ ئوغلىنى يەنە كارىۋىتى بىلەنلا ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يۆتكىتىپ ئەكەپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلىنىڭ قورقۇنچقا ھەم ئۆچمەنلىككە تولغان چىرايىنى كۆرۈپ ئالاھىددىننىڭ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ئۆچلۈكى كەپتۇكى، ئۇ دەرھال دىۋىگە:

— بۇ ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان ئەبلەخنى ئاچىقىپ ئوبدانراق بىر ئەدەپلەپ قوي! — دەپ بۇيرۇپتۇ.

دىۋە ۋەزىرنىڭ ئوغلىنى قاماللاپلا كۆتۈرۈپتۇ-دە، يەنە ئاپىرىپ ھاجەتخانىغا تاشلىۋېتىپتۇ، ئاندىن ئۇنىڭ يۈزىگە قاراپ بىرنى پۈۋلەپ قويۇپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

بۇ كېچە ئەسلى ھاۋا ئوچۇق، ئايدىڭ كېچە ئىكەن. ئەمما، ھاجەتخانىدا كېچىچە ئىزغىرىن شامال چىقىپ، ۋەزىرنىڭ ئوغلىنىڭ بەدىنىگە سوغۇق شامال يىڭنىدەك سانجىلىپتۇ، سوغۇق ئۇنىڭ جان-جېنىدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئۇ بىر بۇلۇڭدا تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپ تاڭ ئاتقۇچە تىترەپ چىقىپتۇ. تاڭ ئاتقاندا، مەلىكە بىلەن ئىككىسى يەنە ئۆزلىرىنىڭ ئوردىغا قانداق قايتىپ كەلگەنلىكلىرىنى بىلەلمەي قاپتۇ.

ئۇلار ئەمدىلا ئوردىغا قايتىپ «ئۇھ» دەپ دېمىنى

ئالغۇچىلىكىنىڭ ئارىلىقىدا، پادىشاھنىڭ كېلىۋاتقانلىق خە-
ۋىرى كەپتۇ. كېچىچە سوغۇقتا قىينىلىپ ئادەم چىرايى
قالمىغان ۋەزىرنىڭ ئوغلى پادىشاھنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەس-
لىك ئۈچۈن، كارىۋاتتىن ئۆمىلەپ قوپۇپ ئارقا ئىشىكتىن
چىقىپ ۋەزىرنىڭ تۇرالغۇسى تەرەپكە غىپپىدە تىكىۋېتىپتۇ.

پادىشاھ مەلىكىنىڭ تۇتۇلۇپ كەتكەن چىرايىغا، ئۈن
چىقارماي جىم تۇرۇۋېلىشلىرىغا قاراپ، بۇنىڭ ئىچىدە چو-
قۇم بىر سىر بار دېگەن يەرگە كەپتۇ. يېڭى كۈيئوغۇلنىڭ
ھۇجرىدا يوقلۇقى ئۇنىڭ غەزىپىنى تېخىمۇ بەك قوزغاپتۇ.
ئۇ مەلىكە ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتمىغۇچە يېمەي، ئىچمەي،
ئۇنىڭ قېشىدىن بىر قەدەممۇ نېرى بولمايمەن، دېگەن
يەرگە كەپتۇ. ئۇ مەلىكىگە، ئاشۇنداق گەپ قىلماي جىم
ئولتۇرۇۋېلىپ، مېنى ئاچلىقتىن ئۆلسۇن دەمسەن، دەپ
تەھدىت ساپتۇ. ئامالسىز قالغان مەلىكە ئىككى كېچىدە
بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى پادىشاھقا يىپىدىن - يىڭنىسىگىچە
سۆزلەپ بېرىپتۇ. بىراق، ئالاھىددىنىنىڭ ئىسمىنى تىلغا
ئالماپتۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان پادىشاھ ھەم ھەيران بوپتۇ، ھەم
غەزەپلىنىپتۇ. ئۇ ھاپىلا - شاپىلا ئوردىغا قايتىپ ۋەزىر -
ۋۇزرا، ئەلەمدار - قەلەمدارلارنى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپتۇ. پادى-
شاھنىڭ پەرمانىنى ئېلىپ ماڭغانلار تېخى قوبۇلخانىنىڭ
بوسۇغىسىدىن ئاتلا - ئاتلىمايلا، ۋەزىر يىقىلىپ - قوپۇپ
ناھايىتى پاراكەندە كىرىپ كەپتۇ.

ئەسلىدە، ئۇنىڭ ئوغلى ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كې-
يىن ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلىغانسېرى قورققۇسى كېلىپ،
ئاخىر بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرنى دادىسىغا ئېيتىپ بې-
رىپتىكەن. دادىسىنىڭ ئۆزىنى ئاشۇ يالاڭ تۆشكە تەڭ

كېلەلمەي، مۇشۇ كۈنلەرنى كۆرۈپ يۈردۈڭمۇ، دەپ ئەيىبلەشىدىن قورقۇپ يەنىلا ئاللاھىددىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالماپتۇ. ئاخىردا ئۇ دادىسىغا يالۋۇرۇپ:

— جېنىم دادا، مالال كۆرمەي بېرىپ پادىشاھقا ئېيتسىڭىز، يېڭى ھۇجرىغا كىرىشتىن يۈرەكئالدى بولۇپ كەتتىم. يەنە بىر كېچە ئاشۇ كۈننى كۆرسەم، بۇ ئۆيگە ئەمدى ئۆلۈكۈم كېلىدۇ، — دەپتۇ.

ۋەزىرنىڭ بىسەرەمجان تۇرقىغا قاراپلا، پادىشاھ مەلىكىنىڭ دېگەنلىرىنىڭ راستلىقىغا تېخىمۇ بەك ئىشىنىپتۇ. شۇڭا، ئۇ ۋەزىرنىڭ ئېغىز ئېچىشىنى كۈتمەستىنلا:

— ئەپتىڭىزدىن قارىغاندا بولغان ئىشلاردىن خەۋەردار بولغاندەك قىلىسىز. قارىغاندا، خۇدا بۇ ئىككىسىنىڭ قوشۇلۇشىنى قوبۇل كۆرمىگەن ئوخشايدۇ. بۇ بىر قاتار ئىشلارنى بىزگە كۆرسىتىپ بىزنى ئاگاھلاندۇرۇۋاتقاندەك قىلىدۇ. ئەھۋال مۇشۇنداق بولغاندىكىن، يېپىق قازان يېپىق پېتى قېپقالسۇن! مېنىڭ قىزىم، سىزنىڭ ئوغلىڭىز ئۈچۈن بولسىمۇ مۇشۇنداق قىلماي ئامالىمىز يوق ئوخشايدۇ، — دەپتۇ.

پادىشاھنىڭ گېپى بىلەن تەڭلا مەلىكە بىلەن ۋەزىرنىڭ ئوغلىنىڭ توي ئىشىنىڭ بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكى، بارلىق تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنىڭ دەرھال توختىتىلىشى شەرت ئىكەنلىكى توغرۇلۇق جاكارنامىلەر چوڭ - كىچىك كوچىلارغا چاپلىنىپتۇ.

ۋەزىر سالپايغىنىچە ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، ئوغلىنىڭ تەلىيىنىڭ كاج كەلگەنلىكىدىن ھەسرەت چېكىپ ئولتۇرۇپتۇ. پادىشاھمۇ ئۆز ئابرۇيىنىڭ تۆكۈلگىنىدىن غەزەپلىنىپ، ئوردىنىڭ ئىچىدە كۆرۈنگەنگە زەھىرىنى چېچىپ يۈرۈپتۇ. پەقەت ئاللاھىددىنىڭلا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ خۇشاللىقتىن

بېشى ئاسمانغا يېتىپتۇ.

ۋەزىرنىڭ ئوغلى بىلەن مەلىكىنىڭ توينى بۇزۇۋەتكەندىن كېيىن ئالاھىددىن ئۈچ ئاي مۆھلەتنىڭ توشۇشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئەمما، ئۇنىڭ يەنە سەۋر قىلماي ئامالى يوق ئىكەن، چۈنكى پادىشاھنىڭ بۇ ئىشنى ئۆزىنىڭ قىلغانلىقىنى سېزىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدىكەن.

ئۈچ ئايلىق مۆھلەت ئاخىر توشۇپتۇ. ئالاھىددىنىنىڭ ئانىسى قاق سەھەردىلا ئوردىغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇنى كۆرگەن پادىشاھنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن ۋەدىسى گۇپپىدە ئېسىگە كەپتۇ. ئەمما، ئۇنىڭ ئاددىي پۇقرالارغا خاس كونا كىيىملىرى، جاپاكەشلىكى چىقىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ قىلغان ۋەدىسىگە پۇشايمان قىپتۇ، مەلىكىنى ۋەزىرنىڭ ئوغلىغا بەرمىسكەنىكەنمەن، بۇ نامرات قېرى خوتۇننىڭ ئوغلىغىمۇ ھەرگىز بەرمەيمەن، دېگەن نىيەتكە كەپتۇ، شۇنداقتىمۇ كۆڭلىدىكىنى چاندۇرماي خۇددى بۇ ئايالنى ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان قىياپەتتە:

— مېنى ئىزدەيدىغان مۇھىم بىر ئىشىڭىز بارمىدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

پادىشاھ لەۋزىدىن يېنىۋالماقچى دېگەن خىيال ئالاھىددىنىڭ ئانىسىنىڭ كاللىسىدىن لاپ ئېتىپ ئۆتۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىلچە تەمتىرىمەستىن:

— پادىشاھ ئالىيلىرى، ئۆزلىرى بەرگەن ئۈچ ئاي سۇرۇك توشتى. ئەمدى مەلىكە بىلەن ئوغلۇمنىڭ توي ئىشىغا قوشۇلغان بولسىلا، — دەپتۇ.

پادىشاھ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قاپتۇ، بىر ئەلنىڭ پادىشاھى تۇرۇپ قىلغان لەۋزىمدىن يېنىۋالسام، بۇ ئەلنىڭ خەلقىنى قانداق باشقۇرىمەن، دەپ ئارىسالدى بوپتۇ.

پادىشاھنىڭ بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتقانلىقىدىن خۇشال بولغان ئوڭ قول ۋەزىر پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا:

— بۇ قېرى خوتۇن گۆھەر يىغىمەن دەپ ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلغاندەك قىلىدۇ، بولمىسا ئۇ مۇشۇنداق دىۋانە چىراي بولۇپ كېتەمدۇ؟ شۇڭا ئۇنىڭغا ئېلىشقا قۇربى يەتمىگۇدەك تويلۇق سالسىلا، كارامىتىنى شۇ چاغدا كۆردىلا، — دەپ پىچىرلاپتۇ.



پادىشاھ كۆڭلىدە ۋەزىرنىڭ سۆزىنى توغرا تېپىپتۇ. بۇنداق قىلغاندا، ئۇ ھەم لەۋزىدە تۇرغان بولىدىكەن، ھەم بۇ خوتۇننىڭ چاپلىشىۋېلىشىدىن قۇتۇلىدىكەن. شۇڭا، ئۇ دەرھال ئېسىنى تاپقاندەك قىياپەتتە:

— راست دەيسىز، نەچچە كۈندىن بېرى مەنمۇ مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق باش قاتۇرۇۋاتىمەن. ئوغلىمىزنىڭ ماڭا كۈيئوغۇل بولۇشىنى ئويلىسام بەك خۇش بولۇپ كېتىۋاتىمەن. شۇڭىنىسى، مەلىكە شاھنىڭ قىزىغا خاس شاھانە ئۈزىتىلىشى، ئاۋام پۇقرانىڭ قىزىدەك ئاددىيلا ئۈزىتىلماسلىقى كېرەك. شۇڭا، سىز دەرھال قايتىپ كېتىپ، قىرىق دانە ئالتۇن پەتنۇس راسلاڭ، ئۇلارنىڭ ئىچىنى ئۆتكەن قېتىمقىدەك دۇر — جاۋاھىرلار بىلەن توشقۇزۇڭ. ئۇلارنى قاشتېشىدەك سۇزۇك قىرىق كېنىزەك كۆتۈرۈپ كەلسۇن. ئۇ قىرىق كېنىزەكنى قىرىق زەڭگى قول مۇھاپىزەت قىلىپ كەلسۇن. سىلەر مەلىكىنى ئاشۇنداق داغدۇغا بىلەن ئېلىپ كېتىڭلار! سىزنىڭچە، قويغان شەرتىم ئۇنچە يۇقىرى ئەمەستۇ، — دەپتۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئالاھىددىننىڭ ئانىسى دەسلەپتە چۆچۈپ كېتىپتۇ، ئاندىن پادىشاھقا تازا بىر قارىۋېتىپ گەپ - سۆز قىلماي چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن پادىشاھ بىلەن ۋەزىر بىر - بىرىگە رازىمەنلىك بىلەن قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

ئەسلىدە بۇ، مېنىڭ ئوغلۇم شاھقا كۈيئوغۇل بولالمىغان يەردە، ئاشۇ يالاڭ تۆشنىڭ ئوغلى شاھقا كۈيئوغۇل بولۇپ كېتەرمۇ، دەپ ئويلىغان ۋەزىرنىڭ تاپقان ھىيلە — مىكرى ئىكەن.

ئۆيدە ئانىسىنىڭ خۇش خەۋەر ئېلىپ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ ئولتۇرغان ئالاھىددىن ئىشىكتىن

كىرىپ كەلگەن ئانىسىنىڭ چىرايىدىكى خاپىلىقنى كۆرۈپ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپتۇ. ئۇ ئانىسىنىڭ ئاغزىدىن پادىشاھنىڭ سالغان تويلۇقىنى ئاڭلاپ ئەكسىچە يەڭگىللەپلا كېتىپتۇ ۋە:

— مەلىكىنى خوتۇنلۇققا ئېلىش ئۈچۈن، بۇنچىلىك تويلۇق ئالساق ھەرگىزمۇ ئارتۇق كەتمەيدۇ. جېنىم ئانا، چىراغ دىۋىسىنىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ — دەپتۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئالاھىددىن خاسىيەتلىك چىراغنى ئېلىپ، چىراغنىڭ قولى دىۋىنى ئالدىغا چاقىرتىپتۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا پادىشاھ سالغان تويلۇقلارنى بىر - بىرلەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ.

دىۋە تاپشۇرۇقنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپ بىردەمدىلا قايتىپ كەپتۇ ۋە ھەممە ئىشنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولغانلىقىنى، ئالتۇن پەتنۇس كۆتۈرگەن چۆرە قىزلار بىلەن زەڭگى قۇللارنىڭ بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

ئالاھىددىن تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇش نىيىتىگە كەپتۇ - دە، كېنىزەك، قۇللارنى دەرھال ئوردىغا يولغا ساپتۇ.

ئۇنىڭ ئانىسى ئەڭ ئالدىدا، ئالتۇن پەتنۇس كۆتۈرگەن قاشتېشىدەك سۈزۈك قىرىق كېنىزەك ئۇنىڭ كەينىدە، ئەڭ كەينىدە قىرىق زەڭگى ئۇلارنى قوغداپ مېڭىپتۇ.

ئالتۇن پەتنۇس كۆتۈرگەن قىرىق كېنىزەك بىر - بىرىدىن گۈزەل، ئۇلارنى قوغداپ ماڭغان قۇللار بىر - بىرىدىن قاۋۇل ئىكەن. ئۇلار ئۈچىسىغا كىيىۋالغان كىيىملەرمۇ باھاسىغا يەتكىلى بولمىغۇدەك ئېسىل ئىكەن. ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەكى، يۈرۈش - تۇرۇشى شۇنچىلىك سالاپەتلىك ئىكەنكى، بۇ شەھەردە تېخى ھېچكىم بۇنداق ھەشەمەتلىك، داغدۇغىلىق ھالدا تويلۇق ئاپارغانىنى كۆرۈپ

باقماپتىكەن.

ئۇلار شۇ ماڭغىنىچە مېڭىپ، ئۇدۇل پادىشاھنىڭ تەخ-تىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپتۇ. كېنىزەكلەر باشلىرىدىكى ئالتۇن پەتنۇسلارنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا قويۇپ، ئۈستىگە يېپىلغان يىپەك ياغلىقلارنى ئېچىپتۇ. شۇئان ھەر خىل دۇر - جاۋاھىرلار ئوردا ئەھلىنىڭ كۆزلىرىنى ئالا چەكمەن قىلىۋېتىپتۇ. ئالاھىددىنىنىڭ ئانىسى بۇرۇنقىدەكلا ئاددىي - ساددا كىيىنىپ، بىر چەتتە قول باغلاپ پادىشاھنىڭ ئەمرىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

بۇلارنى كۆرگەن پادىشاھ، مۇشۇنچىلىك قىسقا ۋاقىت ئىچىدە شۇنچىۋالا ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالىغان ئادەم چوقۇم ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس، ئۇنىڭدا ھېچكىمدە يوق قابىلىيەت ھەم جۇرئەت بار، مەلىكەمنى ئۇنىڭغا خوتۇنلۇققا بەرسەم ئەرزىگۇدەك، دەپ ئويلاپ، ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپتۇ. ئۇ خۇشاللىقى چىرايىغا تېپىپ چىققان ھالدا:

— ئانا - بالا ئىككىڭلارنىڭ كۆڭلۈڭلارنى مەن قوبۇل قىلدىم. بېرىپ ئوغلىڭىزغا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈڭ. بۈگۈن ئاخشاملا مەلىكە بىلەن ئىككىسىنىڭ تويىنى قىلىۋېتەيلى! — دەپتۇ ئالاھىددىنىنىڭ ئانىسىغا.

ئوڭ قول ۋەزىرىنىڭ بىرنېمىلەرنى دېگۈسى كېلىپ كالپۇكلىرى مىدىرلاپ كېتىپتۇ. ئەمما، ئۇ پادىشاھنىڭ خۇشال - خۇرام كەيپىياتىنى كۆرۈپ، گەپ قىلىشتىن يال-تىيىپ قاپتۇ. ئوبدانراق ئويلاپ باقسا، ئۇنىڭ گەپ قىلىدى-غانغا ھېچقانداق ئورۇنلۇق سەۋەبىمۇ يوق ئىكەن.

ئالاھىددىن ئانىسى ئەكەلگەن خۇش خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خاسىيەتلىك چىراغنى ئېلىپ ئوردىغا كىرىشنىڭ تەييارلىقىغا چۈشۈپتۇ.

بىر ئاش پىشىمغا قالمايلا، بۇ شەھەر خەلقىنىڭ كۆز ئالدىدا قىز يۈتكەشكە ماڭغان ئاجايىپ ھەيۋەتلىك، سەلتەنەتنى ئۆزگىچە بىر مۇراسىم ئەھلى نامايان بوپتۇ. ئۇلارنىڭ سۆ- لەتىگە پادىشاھنىڭ قورۇقچىلىرى بىلەن سىرتقا چىققان چاغدىكى سۆلىتىمۇ تەڭ كېلەلمەيدىكەن. بۇنى ئالاھىددىن چىراغ دىۋىسىگە ئالايىتەن تاپىلاپ مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرغا- نىكەن.

ئالاھىددىننىڭ ئانىسى ئېسىل تاۋار - تورقىلارغا پۈر- كەنگەن، قىممەتلىك زىبۇزىننەتلەرنى تاقىغان ھالدا يىـ- گىرمە تۆت پەرى سۈپەت كېنىزەكنىڭ ھەمراھلىقىدا ئەڭ ئالدىدا، ئالاھىددىن زەر يىپلاردا نەقىشلەنگەن ئېگەر ئارتىلغان چىلان تورۇق ئاتقا مىنىپ، ئېسىل كىيىملەرنى كىيىپ ئانىسىنىڭ كەينىدە مېڭىپتۇ. ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە يىـ- گىرمە تۆتتىن، قىرىق سەككىز قورۇقچى مېڭىپتۇ، ئۇلار- نىڭ ھەربىرىنىڭ قولىدا مىڭ تىللا بار ئىكەن. ئۇلار بۇ تىللالارنى يول بويى چاچقۇ قىلىپ پۇقرالارنىڭ بېشىغا چې- چىپ مېڭىپتۇ. پۈتۈن شەھەر دەۋرەپ كېتىپتۇ. بۇ توي ئەھلىنىڭ نامى يۇرت ئاتلاپ ھەممە يەرگە پۈر كېتىپتۇ. ھەممە ئادەمنىڭ ئالاھىددىنغا مەستلىكى كېلىپ، ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئەيلەپتۇ.

بۇ ھەيۋەتلىك قوشۇن داغدۇغا بىلەن ئوردىغا كىرىپ كەلگەندە، پادىشاھنىڭمۇ ھەيرانلىقتىن ئاغزى ئېچىلىپىلا قاپتۇ. ئۇ شۇ ھامان قازىكالان، ئىماملارنى چاقىرتىپ ئالا- ھىددىن بىلەن مەلىكىگە نىكاھ ئوقۇتۇپ، توي ئەھدىنامى- سىنى پۈتتۈپتۇ.

ھەسەت ئوتىدا يۈرىكى پۇچىلىنىپ كېتىۋاتقان ۋەزىر ئەمدى زادىلا ئولتۇرالماي قاپتۇ. ئۇ پادىشاھقا:

— ئالىيلىرى، مەلىكىنىڭ مۇشۇنداق بىر نادىر يە-
گىتكە توي قىلىشى ھەممىمىزنىڭ خۇشاللىقى. بىراق، مە-
لىكە ئەرگە تەگكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس بىر تۇ-
رالغۇسى بولۇشى كېرەك. بۇ يىگىتكە يەنە ئۈچ كۈنلۈك
مۆھلەت بېرەيلى. ئۇ بۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە شاھ سارىيىدىن
قېلىشمىغۇدەك قەسىردىن بىرنى ياساپ پۈتتۈرسۇن، توي
مۇراسىمىنى قەسىر پۈتكەندىن كېيىن ئۆتكۈزسەكمۇ كې-
چىكمەيمىز، — دەپتۇ.

ئۈچ كۈن ئىچىدە شاھ ئوردىسىدىن قېلىشمىغۇدەك
قەسىرنى ياساپ پۈتتۈرۈش ئىنساننىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان



مۆجىزە ھېسابلىنىدىكەن. ۋەزىرنىڭ ھەسەتخورلۇقىنى كۆ-
رۈپ دەرغەزەپكە كەلگەن پادىشاھ ئۇنىڭغا راسا قاتتىق تەگ-
مەكچى بولۇپ تۇرغاندا، ئالاھىددىن تەختىنىڭ ئالدىغا كېلىپ
چوڭقۇر تەزىم بەجا كەلتۈرۈپتۇ، ئاندىن:
— ۋەزىرئەزەم دەل پېقىرنىڭ كۆڭلىدىكى گەپنى
قىلدى. ئېسىلزادە مەلىكىگە لايىق ئېسىل قەسىر بولمىسا
بولمايدۇ. پېقىر بۇ ئىشنى چوقۇم ئۈچ كۈن ئىچىدە ۋۇجۇدقا
چىقىرىمەن، — دەپتۇ.
ئالاھىددىن مەيدىسىگە مۇشتلاپ تۇرغاندىكىن، پادىشاھ-
نىڭ ئاغى تارتىدىغىنىغا ئورۇن قالماپتۇ. ۋەزىر كۆڭلىدە:
«ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئۇنتۇپ قالغان يالاڭ تۆش چوقۇم
خۇشلۇقتىن ئەقلىدىن ئېزىپتۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن قە-
سىرنى پۈتتۈرەلمىسە، مەن ئۇنىڭ جاجىسىنى ئاندىن بېرد-
مەن» دەپ ئويلاپ خۇشال بوپتۇ.
ئۇ خاسىيەتلىك چىراغقا ئېرىشكەن ئالاھىددىننىڭ قۇربى
يەتمەيدىغان ئىشنىڭ يوقلۇقىنى نەدىنمۇ بىلسۇن! ئۇنىڭ
ئۈچۈن بەسى مۇشكۈل تۇيۇلغان بۇ ئىش ئالاھىددىن ئۈچۈن
ئويۇننىڭ ئورنىدىكى بىر ئىش ئەمەسمۇ.
ئۈچ كۈندىن كېيىن ئالاھىددىن ئوردىغا كىرىپ، پادد-
شاھنى ئۆزى ياسىغان قەسىرنى كۆرۈپ بېقىشقا تەكلىپ
قىپتۇ. پادىشاھ ۋەزىر – ۋۇزرا، ئۆلىما، سەركەردىلىرىنى
باشلاپ ئوردىدىن چىقىپتۇ.
ئۇ ئوردىدىن چىقىپ شۇنداق قارىسا، ئەييۇھەنناس،
ئوردىنىڭ يېنىدا كارامەت كاتتا، ھەشەمەتلىك بىر قەسىر قەد
كۆتۈرۈپ تۇرغۇدەك، ئۇنىڭ ئالدىدا شاھ ئوردىسى يىپ ئې-
شىپ قالغۇدەك. ئۇ قەسىرنىڭ تاملىرىغا دۇنيادا كەم ئۇچ-
رايدىغان ئېسىل ياقۇتلار قويۇلۇپ، ئالتۇن – كۈمۈشلەردىن

نەقىش ئويۇلغانمىش، ئۇ ئالتۇن ـ كۇمۇش، ياقۇتلار ۋال ـ ۋۇل قىلىپ كۆزنى چاقنىتارمىش، ھۆر پەردەك چىرايلىق كېنىزەكلەر، قاۋۇل قورۇقچىلار ئالىپتە كىيىنىپ قەسىر دەرۋازىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە قول باغلاپ تۇرارمىش.

ئىشقىلىپ، ھەممە نەرسە شۇنچىلىك تۇجۇپىلەپ، شۇنچىلىك ئىنچىكىلىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ھەرقانچە ئىچى يامان ئادەممۇ ئۇنىڭدىن قىلچىلىك قۇسۇر تاپالمايدىكەن. ئادەمنى ھەممىدىن قايىل قىلىدىغان يېرى، ئوردىدىن قەسىرگىچە خېلى ئارىلىق بار ئىكەن. ئالاھىددىن ئاشۇ ئارىلىقتىكى يولغا باشتىن بويىغا ئالتۇن يىپتىن تو- قۇلغان پاياندار سالدۇرۇپتۇ. بۇ پاياندازنىڭ بىر يېرىدىمۇ ئۇلىقى يوق ئىكەن. كىشىلەر، ئالاھىددىن بۇنى توقۇتۇش ئۈچۈن، قانچىلىك چوڭ دەستىگاھ ئىشلەتكەندۇ، دەپ ھەيران قاپتۇ. ئالاھىددىن شاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم بەجا كەل- تۈرگەندىن كېيىن:

— پادىشاھ ئالىيلىرى، مەلىكەمنىڭ نازۇك پۇتلىرى يەرگە دەسسەپ ئاغرىپ كەتمىسۇن دەپ، پېقىر بۇ پاياندازنى ئالايىتەن توقۇتتۇم، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئۇنىڭ ئەتراپلىق ئويلىغىنىدىن، مەلىكىگە چىن كۆڭلىدىن كۆيۈنگىنىدىن چەكسىز مەمنۇن بوپتۇ. ئۇ ئالاھىددىنغا سىنچى كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ، ئە- زەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان مېھرىبانلىق بىلەن:

— مېنى يەنە ئالىيلىرى دەۋاتامسىز؟ مېنى قېيناتا دېيىشنى خالىمامسىز نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

پادىشاھنىڭ گېپىدىن ئالاھىددىننىڭ يۈرىكى يايراپ كېتىپتۇ، بۇنىڭغا قاراپ بۇ تويىنىڭ ئەمدى ھەرگىز بۇزۇلۇپ كەتمەسلىكىگە ئىشىنىپتۇ. توساتتىن ئۇنىڭ ئېسىگە ئوك

قول ۋەزىر كېپقاپتۇ. ئۇ ۋەزىرنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ بېقىش ئۈچۈن ئەتراپىغا قارىسا، ۋەزىر تۇرماق قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. ئەسلىدە ۋەزىر غىپپىدە تىكىۋەتكەنىكەن.

شۇ كۈنى ئاخشىمى پادىشاھ بىلەن خانىشنىڭ باشچىلىقىدا، ئالاھىددىن بىلەن مەلىكىنىڭ كاتتا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپتۇ. بۇ بىر جۈپ ياش ئەر - خوتۇنلار ئىجىل، ئىناق، بىر - بىرىگە ئامراق چىقىپتۇ.

تويدىن كېيىن ئالاھىددىن خاسىيەتلىك چىراغنىڭ كارامىتىدىن پايدىلىنىپ، سىرتتىن تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلەرنى ئارقا - ئارقىدىن يېڭىپ، دۆلەت، خەلقنى تىنچ - ئەمىن تۇرمۇشقا ئىگە قىپتۇ.

ئەمدى گەپنى ھېلىقى مەراكەشلىكتىن ئاڭلاڭ. ئىچى



قارا سېھىرگەر مەراكەشكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ كۆڭلى زادىلا ئەمىن تاپماپتۇ، گەرچە ئالاھىددىن بىلەن خاسىيەتلىك چىراغنى خەزىنىگە مەڭگۈلۈك كۆمۈۋەتكەن بولسىمۇ، ئۆزىمۇ قىلغان ئەجرىگە تۇشلۇق ھاسىلاتقا ئېرىشەلمەي قۇرۇق قول قايتقىنىغا ئۇنىڭ ئىچى ئېچىشىپ، يۈرىكىنى بىر نەرسە تاتلىغاندەك بىئارام بولىدىكەن. ئالا-ھىددىنىنىڭ ئۆزىگە قىلغان ئەلىمىنى ئويلىغىنىدا، غەزەپتىن چىشلىرى كاراسلاپ كېتىدىكەن.

بىر كۈنى ئۇ جاھان ئەينىكىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ـ دە، ئۇنىڭدا ئەكس ئەتكەن مەنزىرىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىپتۇ: ئۇ ھارامزادە يەرنىڭ تېگىدە قامىلىپ قېلىپ ئۆلۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، خاسىيەتلىك ئۈزۈكنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۆلۈمدىن



قۇتۇلۇپ قاپتۇ، يەنە تېخى خاسىيەتلىك چىراغنىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىپ بۇ دۇنيانىڭ مەئىشەتلىرىدىن يەتكۈچە ھۇزۇر ئېلىپ يۈرۈپتۇ ئەمەسمۇ.

«ھۇ، ھارامزادە، جىمى جاپانى مەن تارتسام، سەن تەييارغا ھەييار بولۇپ، بەختىنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ، تۇرمۇشنىڭ قەنتىنى چېقىۋېتىپسەن - دە، — دەپتۇ ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنىچە، — خەپ، خاسىيەتلىك چىراغنى سەندىن تارتىۋېلىپ، جېنىڭنى ئالمايدىغان، مەلىكىنى ئۆزۈم خوتۇن قىلمايدىغان بولسام.»

ئەتىسى تاڭ سەھەردە، ئۇ سەپەر جابدۇقىنى قىلىپ چىن دۆلىتىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ، ئۈچ ئاي يول يۈرۈپ، ئاخىر ئالاھىددىن ياشاۋاتقان يەرگە يېتىپ كېلىپ بىر سارايغا چۈشۈپتۇ. شۇغىنىسى، ئالاھىددىننىڭ ھازىر تۇرۇۋاتقان يېرىگە بۇرۇنقىدەك ئۇنداق ئاسانلا كىرىۋالغىلى بولمايدىكەن. ئۇ تۇرغان قەسىرنىڭ تاملىرى ئېگىز، مۇھاپىزىتى مۇستەھكەم بولغاچقا، ئۇنىڭ قانىتى بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ يەرگە كىرەلمەيدىكەن. يەنە كېلىپ، ئۇنىڭغا خاسىيەتلىك چىراغ ھەمراھ بولغاچقا، ئاسانلىقچە تەگكىلى بولمايدىكەن. سەللا بىخەستەلىك قىلسا، خاسىيەتلىك چىراغقا ئېرىشەلمىگەننى ئاز دەپ، جېنىدىن ئايرىلىپ قېلىش خەۋپى بار ئىكەن.

نېمە قىلارىنى بىلمەي ئېسەنگىرەپ قالغان سېھىرگەر كۈن بويى كوچا قاڭداپ يۈرۈپ، نەدىن قول سېلىشنى بىلەلمەي قاپتۇ. ھەش - پەش دېگۈچە بىر ئاي ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئۇ مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش تۈگۈل ئالاھىددىننى بىرەر قېتىم كۆرۈش پۇرسىتىگىمۇ ئېرىشەلمەپتۇ.

بىر كۈنى ئۇ رەستىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ، خېرىدارغا چىراغ ياساپ بېرىۋاتقان بىر تۆمۈرچىگە كۆزى چۈشۈپ قاپ-

تۇ. شۇ ھامان ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر ھىيلە - مىكىر كەپ-
تۇ.

ئۇ دەرھال سارايغا قايتىپ بېرىپ، جاھان ئەينىكىنى
چىقىرىپ قاراپتۇ. ئۇ جاھان ئەينىكىدىن شۇنى بىلىپتۇكى،
خاسىيەتلىك چىراغ مەلىكىنىڭ گىرىم ئۈستىلىنىڭ ئۈس-
تىدە بولۇپ ئالاھىددىنىنىڭ قېشىدا ئەمەس ئىكەن. يەنە كې-
لىپ، پادىشاھ ئالاھىددىننى باشقا بىر يەرگە مۇھىم خىز-
مەتكە ئەۋەتكەچكە، بۇ بىرنەچچە كۈنگىچە مەلىكە ئۆزى
يالغۇز تۇرىدىكەن. بۇنىڭدىن سېھىرگەر ھەقىقەتەنمۇ «ھەر
ئىشنىڭ ۋاقتى - سائىتى كېلىدىكەن» دەپ، ئاجايىپ خۇش
بولۇپ كېتىپتۇ.

ئۇ دەرھال ھېلىقى تۆمۈرچىنى ئىزدەپ تېپىپ، كې-
چىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئۆزىگە بىرنەچچە جىنچىراغ سوقۇپ
بېرىشنى، ئىش ھەققىنى باشقىلاردىن ئىككى ھەسسە يۇقى-
رى بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

ئىككى كۈندىن كېيىن ئىنتايىن نەپىس سوقۇلغان
جىنچىراغلار پۈتۈپتۇ. سېھىرگەر ئۇ چىراغلارنى بىر سې-
ۋەتكە سېلىپ بېلىگە ئارتىپتۇ - دە، مەلىكە تۇرغان قە-
سىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇياندىن - بۇيانغا مېڭىپ توختى-
ماي توۋلاشقا باشلاپتۇ:

— كونا جىنچىراغنى يېڭى جىنچىراغقا تېگىشىپ بې-
رىمەن، كىمنىڭ ئۆيىدە كونا جىنچىراغ بولسا، دەرھال چى-
قىپ يېڭىسىغا تېگىشىۋېلىڭلار، چاققان بولمىساڭلار، يېڭى
چىراغدىن قۇرۇق قالىسىلەر!

دۇنيادا كونا چىراغنى يېڭى چىراغقا تېگىشىپ بېرى-
دىغان بۇنداق ئوبدان ئىش نەدىكەن؟ سېھىرگەر توختىماي
توۋلاۋېرىپتۇ، بىردەمدىلا تاماشا كۆرگىلى چىققان بىر توپ

ئادەم ئۇنى ئورىۋاپتۇ. ئۇلار: «بۇ ئادەم ساراڭ ئوخشايدۇ. بول-
مىسا، شۇنداق چىرايلىق يېڭى چىراغلارنى كونا چىراغقا
تېگىشمەن دېمەس ئىدى» دېيىشىپتۇ.

كوچىدىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭ، غەلۋە - غوۋغا پېشايۋاندا
ئارام ئېلىپ ئولتۇرغان مەلىكىنىڭ دىققىتىنى قوزغاپتۇ. ئۇ
كوچىغا قاراپ، «كونا چىراغنى يېڭى چىراغقا تېگىشىپ
بېرىمەن» دەپ توۋلاۋاتقان سېھىرگەرنى ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدا
يۈرگەن بىر توپ ئادەمنى كۆرۈپتۇ. بۇ مەلىكىگە بەك قىزىق
تۇيۇلۇپتۇ. ئۇ كېنىزەكلىرىنى چاقىرىپ، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— قاراڭلار، ئاۋۇ ساراڭمۇ نېمە؟ توۋا، دۇنيادا كونىغا
يېڭىنى تېگىشىدىغان مۇشۇنداقمۇ غەلىتە ئىشلار بولىدى-
كەن - ھە؟ — دەپتۇ.

بۇ ئىشنى كۆرگەن كېنىزەكلەرمۇ سېھىرگەرنى مەس-
خىرە قىلىپ كۈلۈشۈپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۆزىنى ئە-
قىللىق چاغلايدىغان بىر كېنىزەك مەلىكىگە:

— ئىي، مەلىكەم، ئۆزلىرىنىڭ پەرداز ئۈستەللىرىنىڭ
ئۈستىدىكى ھېلىقى جىنچىراغ كۆز بىلەن كۆرگۈسىز كو-
نىراپ كېتىپتۇ. خوجىمىز ئۇنى گۆھەردەك ئەتىۋار بىلىپ،
بىزنى ئۇنىڭغا يېقىنمۇ كەلتۈرمەيدۇ. مېنىڭچە، ئۇنى ئاچى-
قىپ يېڭىسىغا تېگىشىپ ئۈستەللىرىگە تىزىپ قويايلى، شۇ
چاغدا ئۇ ئاندىن ئۆيدىكى مەنقۇلاتلارغا ماس كېلىدۇ. خوجى-
مىزمۇ كېلىپ ئۇنى كۆرسە، چوقۇم خۇش بولىدۇ، — دەپتۇ.

ئۇنىڭ گېپىنى ئورۇنلۇق ھېس قىلغان مەلىكە كې-
نىزەكنى ئۆيدىكى كونا جىنچىراغنى ئاچىقىپ يېڭىسىغا
تېگىشىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ.

بىردەمدىن كېيىن ئۇ كېنىزەك يېڭى چىراغنى ئەكى-
رىپ پەرداز ئۈستىلىنىڭ ئۈستىدە قويۇپ قويۇپتىكەن، كونا

چىراغقا قارىغاندا ئالاھىدە چىرايلىق تۇرۇپتۇ. بۇ ئىش بەكمۇ كۆڭۈللۈك تۇيۇلغان مەلىكە ئارتۇقچە ئويلاپ كەتمەپتۇ.

بۇ ئىشتا ئالاھىددىن بىخەستەلىك قىپتۇ. ئۇ مەلىكىگە بولغان ئىشەنچىسىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، خاسىيەتلىك چى-راغنى ئۈنىڭغا ساقلاشقا بېرىپ قويغان، لېكىن مەلىكىنىڭ باشقىچە ئويلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، بۇ چىراغقا قانداق ئېرىشكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ خاسىيىتى توغرۇلۇق مەلىكىگە سۆزلەپ بەرمىگەنىكەن.

خاسىيەتلىك چىراغنى قولغا چۈشۈرگەن سېھىرگەر شەھەردىن قۇيۇندەك چىقىپ بىر دەرەخزارلىققا كې-لىپ توختاپتۇ. ئۇ خاسىيەتلىك چىراغنى ئالمان - تالمان



قويندىن چىقىرىپ شۇنداق سۇرتۇشكە، چىراغنىڭ قۇلى دىۋە پەيدا بوپتۇ ـ دە، ئۇنىڭغا ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ تۇرۇپ دەپتۇ:

— ئىي غوجام، نېمە تاپشۇرۇقىڭىز باركىن، مەن دەرھال بەجا كەلتۈرەي!

خاسىيەتلىك چىراغنىڭ قۇلى ھەممىگە قادىر بولغىنى بىلەن پەقەت چىراغنىلا تونۇپ، ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ كىم بولۇشى بىلەن كارى يوق ئىكەن.

— سەن دەرھال ئالاھىددىننىڭ قەسرىنى، مەلىكىنى ۋە مېنى مەراكەشتىكى ئۆيۈمنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ قوي. شۇنى ئېسىڭدە تۇتقىنكى، بۇ ئىشنى ئىنس ـ جىنغا تۇيدۇرماستىن يېرىم كېچىدە قىل!

— باش ئۇستىگە!

يېرىم كېچىدىن ئۆتۇشكىلا شەھەردە قارا قۇيۇن چىقىپ، پۈتۈن جاھاننى گۆرىستان قاراڭغۇلۇقى قاپلاپتۇ. قارا قۇيۇن توختىغاندىن كېيىن ھېلىقى چىرايلىق قەسرنىڭ ئورنىدا پەقەت قۇم ـ شېغىل، توپا ـ داڭگاللا قاپتۇ. چىراغنىڭ ھازىرقى ئىگىسى — قارا كۆڭۈل سېھىرگەرنىڭ مۇرادى ھاسىل بوپتۇ.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە، پادىشاھ تونىنى يېپىنچاقلاپ دېرىزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ سىرتقا شۇنداق قاراپلا چۆچۈپ كېتىپتۇ. چۈنكى، ئالاھىددىننىڭ قەسرىنىڭ ئورنىدا خارابىلىكتىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىمىش. ئۇ دەرھال ئۇلۇغ قول ۋەزىرىنى ئوردىغا چاقىرتىپ، ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان بۇ ئەھۋالنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپتۇ.

ئالاھىددىندىن ئۈچ ئېلىشنىڭ پۇرسىتى كەلدى، دەپ ئويلىغان ۋەزىر ئويلانغان قىياپەتتە:

— بۇ قەسىرنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئۆزىمۇ ئەسلىدە
ئەقىلغا سىغمايدىغان ئىش ئىدى. مەن ئەزەلدىن بۇنى سې-
ھىرگەرلىك بىلەن پەيدا بولغان مۆجىزە دەپ قارايتتىم. ئا-
لىيلىرى ئالاھىددىنغا بەكلا ئىشىنىپ كەتكەچكە، ئاغزىمغا
ئېلىشقا پېتىنالمىغانىدىم. ھازىرقى ئەھۋالدا، پەقەت ئالا-
ھىددىنلا مەلىكىنىڭ بار يېرىنى بىلىدۇ، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئالاھىددىننى دەرھال تۇتۇپ كېلىشكە پەرمان
چۈشۈرۈپتۇ.

لەشكەرلەر شاھنىڭ ئەمرىگە بىنائەن ئالاھىددىننى تۇ-
تۇپ چەمبەرچاس باغلاپ شاھنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ تاشلاپتۇ.

دەرغەزەپكە كېلىپ ئولتۇرغان شاھ ئالاھىددىندىن گەپ
سوراپمۇ ئولتۇرماستىن، ئۇنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا
قىلىشقا، مەلىكىنىڭ ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن كاللىسىنى
شەھەر كوچىلىرىدا سازايى قىلىشقا بۇيرۇپتۇ.

ئالاھىددىننىڭ ئۆلۈمگە بۇيرۇلغىنىدىن خەۋەر تاپقان
شەھەر ئاھالىسى، ئۇنى جازا مەيدانىغا ئېلىپ ماڭىدىغان
يولنى قاتمۇقات ئورىۋېلىپ ھېچكىمنى ئۆتكۈزمەپتۇ. چۈنكى،
ئۇلار ئالاھىددىننى بەكمۇ ئەزىز بىلىدىكەن، ئۇنىڭ قىلچە-
لىك زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىشىنىمۇ خالىمايدىكەن. ئۆز-
لۈكىدىن يىغىلغان خەلق شەھەر كوچىلىرىنى قامال قى-
لىپ، شاھ ئوردىسىغا يوپۇرۇلۇپ كەپتۇ. جازا ئىجرا قىلىشقا
ماڭغانلار بىر قەدەممۇ ئالدىغا سىلجىيالماپتۇ. خالايىق ئەگەر
ئالاھىددىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىسا بىز ئىسيان كۆتۈرىمىز،
شاھ ئوردىسىنى تۇپتۇز قىلىۋېتىپ ئالاھىددىننىڭ ئەنتىنى
ئالىمىز، دەپ چۇقان ساپتۇ.

ئاۋام خەلقنىڭ غەزەپكە كەلگىنىنى، ئۇلارنىڭ غەزىپىنى
پەسەيتمىگەندە ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدىغانلىقىنى پەملىگەن

پادىشاھ ئۆلۈم جازاسىنى كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش بۇي-رۇقىنى چۈشۈرۈپتۇ. شۇنىڭدىلا خالايىق سەل پەسكويىغا چۈ-شۈپتۇ.

گۆرنىڭ ئاغزىدىن قايتقان ئالاھىددىن يەنە ئوردىغا قاي-تۇرۇپ كېلىنىپتۇ. ئۆزىنىڭ نېمە گۇناھ قىلغىنىنى بى-لەلمەي گاڭگىراپ قالغان ئالاھىددىن يۈرىكىنى قاپتەك قى-لىپ شاھتىن سوراپتۇ:

— ئالىيلىرىدىن سوراپ باقسام، گۇناھىم نېمىكىن؟ ئەگەر ئۆلۈمگە لايىق گۇناھ قىلغان بولسام ئەلھۆكمىلىلا. شۇغىنىسى، شاھىمىزنى بۇنچە دەرغەزەپكە كەلتۈرگۈدەك نېمە



گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىمنى بىلەلمەي ھەلەكمەن. چۈنكى، سىلى مەلىكە ئىككىمىزنىڭ بېشىنى ئەزەلدىن سىلاپ كېلىۋاتقانتىلە، مەندىن نېمە سەۋر - خاتالىق ئۆتتى، دەپ بەرگەن بولسىلا.

— مەلىكىنى ئاغزىڭغا ئالمايلا قوي، — دەپ ۋارقىراپتۇ شاھ غەزەپتىن تىترىگەن ھالدا دېرىزە سىرتىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — ئۆزۈڭ قاراپ باق، قەسرىڭ قېنى؟ مەلىكە قېنى!؟

ئالاھىددىن سىرتقا شۇنداق قاراپ، ھەيرانلىقتىن ئاغزىنى ئېچىپلا قاپتۇ، لېكىن كۆڭلىدە بۇ ئىشنى چوقۇم بىرى خاسىيەتلىك چىراغنى ئالداپ قولغا چۈشۈرۈۋالغاندىن كېيىن دىۋىگە قەسرنى يۆتكەپ كېتىش توغرۇلۇق بۇيرۇق بېرىپ قىلدۇرغان، چۈنكى چىراغنىڭ قولى دىۋىدىن باشقا ھېچكىمنىڭ قولىدىن بۇنداق كارامەت كەلمەيدۇ، دەپ ئويلاپتۇ.

— يەنىلا ھېچنېمە بىلمەيدىغان ساراڭ قىياپىتىگە كىرىۋالماقچىمۇسەن؟ — غەزەپ قىپتۇ پادىشاھ، — بۇنىڭ نېمە ئىشلىقىنى بىلمەيمەن دېمەيدىغانسەن؟ قەسرنى مېنى يۆتكىۋەتتى دەپ گۇمان قىلمايدىغانسەن؟

— ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، پادىشاھىم. سىلىدىن گۇمانلىنىدىغانغا قوللىرىنىڭ ھەددىمۇ، — دەپتۇ ئالاھىددىن ئۆزىنى ئاقلاپ، — ئالىيلىرىنىڭ ماڭا قىرىق كۈنلۈك مۆھلەت بېرىشلىرىنى تىلەيمەن. قىرىق كۈن توشقاندا يەنىلا قەسرىنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئالالمىسام، سۆيۈملۈك ئايالىمنى تاپالمىسام، ماڭا قانداق جازا كۆرسىلە رازى بولىمەن.

پادىشاھنىڭمۇ بۇنىڭدىن باشقا ئامالى يوق ئىكەن، شۇڭا ئۇ ئالاھىددىننىڭ تەلپىگە قوشۇلۇپتۇ. ئۇ مۇھاپىزەتچىلىرىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئالاھىددىننى ئوردىدىن قوغلاپ

چىقىرىپتۇ ھەمدە قىرىق كۈنلۈك سۈرۈك توشمىغۇچە بۇ ھارامزادىنى كۆرەر كۆزۈم يوق، دەپتۇ.

ئالاھىددىن ھېچقانداق نىشانسىز شەھەر ئىچى - سىرتىنى ئالا قويماي ئىككى كۈن ئارىلاپ يۈرۈپتۇ، لېكىن ھېچقانداق ئۇچۇرغا ئىگە بولالماپتۇ.

ئۇنداق يوغان قەسىرنى بۇ شەھەرگە يوشۇرۇپ قويغىلى بولمايدىغانلىقى، پەقەت سېھرىي كۈچ ئارقىلىقلا ئۇنى يىراقلارغا ئەكەتكىلى بولىدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىكەن.



توساتتىن ئۇنىڭ كۆڭلىگە بۇنى چوقۇم ھېلىقى سېھىرگەر قىلغان، دېگەن گۇمان چۈشۈپتۇ. بىراق، ئۇنى قانداق تېپىش كېرەك؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئافرىقا دېگەن جاھاننىڭ ئۇ چېتىدە تۇرسا، كېچە - كۈندۈز ئات چاپتۇرۇپ ماڭغان تەقدىردىمۇ قىرىق كۈندە ئۇ يەرگە يېتىپ بارغىلى بولمايدۇ. مەلىكىنى قانداق قىلىپ قۇتقۇزسام بولار، دېگەن ئوي ئۇنى كېچە - كۈندۈز قىيناپتۇ.

بىر كۈنى ئۇ خۇدىنى بىلمەي مېڭىپ، شەھەر سىرتىدىكى كەڭ دالىغا چىقىپ قاپتۇ. ماڭە - ماڭە، ھېلىقى يەر ئاستىغا كۆمۈكلۈك خەزىنە بار تاغنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۆز ۋاقتىدا يەرنىڭ تېگىدىن قانداق قۇتۇلۇپ چىققىنى ئۇنىڭ يادىدىن كېچىپتۇ - دە، كۆڭلى ۋاللىدە يورۇپ كېتىپتۇ. چۈنكى، خاسىيەتلىك چىراغ قولىدىن چىقىپ كەتكەن بىلەن ھېلىقى خاسىيەتلىك ئۈزۈك تېخى قولىدا ئەمەسمۇ! ئۈزۈكنىڭ قۇلى بولغان دىۋە قەسىر بىلەن مەلىكىنىڭ بار يېرىنى تېپىپ بېرەلىسە ئەجەب ئەمەس!

شۇنىڭ بىلەن ئۇ قولىدىكى ئۈزۈكنى ئالدىراپ - سالدىراپ سۈرتۈپتۇ. ئۈزۈكنىڭ تولىمۇ بەستلىك قۇلى — دىۋە شۇ ھامان ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بوپتۇ - دە، ئالاھىددىننىڭ تاپشۇرۇقىنى كۈتۈپ قول باغلاپ تۇرۇپتۇ.

— ئاياللىمىنىڭ، قەسىرنىڭ ۋە خاسىيەتلىك چىراغنىڭ بار يېرىنى بىلەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئالاھىددىن.

— خاسىيەتلىك چىراغ ئافرىقىلىق سېھىرگەرنىڭ قولىدا. قەسىر بىلەن مەلىكە سېھىرگەرنىڭ يۇرتى — مەراكەشتە، — دەپتۇ دىۋە.

ئۆزىنىڭ قىياسىنىڭ توغرا چىققىنىنى ئاڭلىغان ئالاھىددىننىڭ يۈرىكى سېلىپ كېتىپتۇ. ئۇ خېلىدىن كېيىن

ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، دىۋىگە:

— سەن بېرىپ قەسرىمنى، ئايالىمنى، ئىشقىلىپ، سېھىرگەر ئەكەتكەن بارلىق نەرسىلىرىمنى قايتۇرۇپ ئەكېلىپ ئۆز ئورنىغا قويۇپ قويغىن، — دەپتۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان دىۋىنىڭ چىرايى غەلىتە بولۇپ كېتىپتۇ ۋە چۆچۈگەن هالدا:



— ئىي ئىگەم. بۇ چىراغ دۇنيانىڭ ھوقۇق دائىر-
سىدىكى ئىش. مەن بۇ ئىشقا ئارىلاشسام بولمايدۇ ھەم ئارد-
لىشىپمۇ بىر باشقا ئىلىپ چىقالمايمەن، — دەپتۇ.
ئالاھىددىننىڭ كۆڭلى لاسسىدە بوپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ
ئۇمىدىنى ئۈزۈۋەتمەي، دىۋىنى چىكىپ بىقىپتۇ.
— بوپتۇ، سەن قەسىرگە چىقىلما. بىراق، مېنى ئۇ بار
جايغا ئاپىرىپ قويۇشقۇ قولۇڭدىن كېلەر؟
— تامامەن كېلىدۇ، — دىۋە شۇنداق دەپلا، ئالاھىددىن-
نى ئۆشنىسىگە ئاپتۇ - دە، قۇيۇندەك ئۇچۇپ، يېرىم كۇنگە
قالمايلا ئالاھىددىننى ئافرىقىغا ئاپىرىپ قەسىرنىڭ ئالدىغا
چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ.
ئۇ چاغ يېرىم كېچە بولغاچقا، ئالاھىددىن قارىغۇلارچە
ھەرىكەت قىلىشنى ئەپ كۆرمەي، بىر تۈپ دەرەخنىڭ كەي-
نىدە ئۇخلاپتۇ.
ئەتىسى ئەتىگىنى قۇشلارنىڭ ناۋاسى ئۇنى ئۇيقۇسىدىن
ئويغىتىپتۇ. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قەسىرگە تەشنالىق بىلەن
تەلمۈرۈپتۇ. دەل شۇ چاغدا، مەلىكىمۇ روجەكنىڭ ئالدىغا
كېلىپ سىرتقا قاراپتۇ. ئامراق ئەر - خوتۇنلارنىڭ كۆزلىرى
ئۇچرىشىپتۇ. خۇشاللىقىنى باسالمىغان مەلىكە كېنىزەك-
لىرىگە:
— قاراڭلار، مېنىڭ ئېرىم، سىلەرنىڭ خوجايىنىڭلار
كەپتۇ. ھازىر ھېلىقى رەزىل سېھىرگەرنىڭ يوق ۋاقتىدىن
پايدىلىنىپ ئۇنى دەرھال باشلاپ چىقىڭلار، — دەپتۇ.
ئالاھىددىن بىلەن مەلىكە ھاياجاندىن كۆز يېشى قىلىپ
كۆرۈشۈپتۇ. ئالاھىددىن بۇ تېخى ھاياجانلىنىدىغان، خۇشال
بولۇپ كېتىدىغان پەيت ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، مەلد-
كىدىن جىددىي سوراپتۇ:

— مەن سىزگە تاپشۇرۇپ بەرگەن چىراغ قانداق بولۇپ سېھىرگەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى؟

مەلىكە ئۇنىڭغا سېھىرگەرنىڭ يېڭى چىراغقا كونا چىراغ تېگىشىش ھىيلىسىنى يىغلاپ تۇرۇپ بايان قىپتۇ ۋە:

— ئۇ چىراغنى قوينىغا سېلىپ يۈرىدۇ، پەقەت يېنىدىن ئايرىمايدۇ. جېنىم ئالاھىددىن، بىر ئامال قىلىپ مېنى قايتۇرۇپ ئەكېتىڭ. بۇ يەردە ئۇ ئىپلاس سېھىرگەرنىڭ قېشىدا بىر مىنۇت تۇرۇشقىمۇ رەغىدىم يوق. مېنى بۇ يەردىن ئېلىپ كەتمىسىڭىز، ئۆلۈپلا تۈگىشىمەن، — دەپتۇ.

ئەسلىدە، سېھىرگەر قەسىر بىلەن مەلىكىنى يېنىغا ئەكېلىۋالغاندىن كېيىن كۈندە كىرىپ توي قىلىش



تەلىپىنى قويۇپ مەلىكىنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ خاپا قىلىدىكەن. بۇگۈن ئۇ، بۇگۈن ئەڭ ئاخىرقى چەك، ئەگەر مەلىكە تەلىپىمگە ياخشىلىقچە كۆنمىسە، ئۇنىڭغا زورلۇق ئىشلىتىمەن، دەپ گەپ ئېيتىپ بەرگەنىكەن.

ئالاھىددىن مەلىكىنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بېرىپ ئۇنى خاتىرجەم قىپتۇ ھەم سېھىرگەرگە قانداق تاقابىل تۇرۇشنى ئويلىنىپتۇ. تۇساتتىن ئۇ يوتىسىغا شاپىلاقلاپ خۇشاللىق بىلەن:

— مەلىكەم، بىر ئەقىل تاپتىم، مەن ھازىر سىرتقا چىقىپ كىرىمەن. مەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سىز دېگىنىمدەك قىلسىڭىز، چوقۇم ئۇ جادۇگەردىن قۇتۇلۇپ يۇرتىمىزغا قايتالايمىز، — دەپتۇ.

ئالاھىددىن كىيىنى تۇگىتىپ قەسىردىن چىقىپ بازارغا بېرىپتۇ. ئۇ بازاردىن بىر دانە ئۆتكۈر خەنجەر، بىر بوتۇلكا بىھوش قىلىش دورىسى ئېلىپ ئالدىراش قەسىرگە قايتىپ كەپتۇ. ئۇ بىھوش قىلىش دورىسىنى مەلىكىگە بېرىپ:

— سىز چىرايلىق ياسىنىپ ـ تارىنىپ سېھىرگەرنىڭ كىرىشىنى كۇتۇڭ، ئۇ كىرگەن چاغدا، خۇددى تەقدىرىڭىزگە تەن بەرگەن قىياپەتتە ئۇنى كۇتۇۋېلىڭ، ئاندىن ئۇنى چىرايلىق گەپلەر بىلەن كەچلىك تاماققا تۇتۇۋېلىپ، ئۇ دىققەت قىلمىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بۇنى ئۇ ئىچىۋاتقان مەيگە ئارىلاشتۇرۇۋېتىڭ، ئۇنى ئۆزىڭىز بىلەن قەدەھ سوقۇشتۇرۇشقا زورلاپ، ئۇنىڭغا مەينى ئىچۇرۇۋەتسىڭىز، ھەممە ئىش پۇتىدۇ، — دەپتۇ.

كەچقۇرۇن سېھىرگەر ئەلپازىدىن شۇملۇق ياغدۇرغىنىچە مەلىكىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپتۇ. ئۇ ناۋادا مەلىكە

چىرايلىقچە ماڭا بويسۇنمىسا، ئۇنى زورلۇق كۈچى بىلەن بولسىمۇ خوتۇن قىلىمەن، دەپ نىيەت قىلغانىكەن. ئۇيلى-مىغان يەردىن مەلىكە ئۇنىڭ ئالدىغا كۈلۈپ چىقىپتۇ. ئۇ ھۇجرىغا كىرىپ قارىسا ئۈستەلگە نازۇنېمەتلەر، مەي - شارابلار تىزىلغانمىش. سېھىرگەرنىڭ خۇشاللىقتىن ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپتۇ.

مەلىكە ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىپتۇ ۋە ئۇياتچانلىق بىلەن:

— ۋاي، مېنىڭ سۆيۈملۈكۈم، ئىككى كۈن تازا ئوبدان ئويلانغاندىن كېيىن سىزنىڭ مېنى چىن كۆڭلىڭىزدىن



ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى ھېس قىلدىم. مەن مانا تىكەن-دەك يالغۇز جېنىم بىلەن ئاتا - بوۋام كۆرمىگەن يات ئەلگە مۇساپىر بولۇپ قالدىم. بۇ ياقا يۇرتتا سىزدىن باشقا يۆلەن-چۈكۈممۇ يوق ئىكەن. مەن سىزگە تايانماي كىمگىمۇ تايى-نىمەن؟ ئىككىلىمىز ئالاھىددىننى ئۇنتۇپ، خۇشال - خۇرام كەيپ سۈرەيلى. بۈگۈن ئاخشامدىن باشلاپ سىز مېنىڭ ئېرىم، — دەپتۇ.

مەلىكىنىڭ چىرايلىق گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ كۆڭ-لى ھۆسنىگە قاراپ، سېھىرگەر خۇشاللىقتىن قىلىدىغانغا قىلىق تاپالماي قاپتۇ. ئۇ مەلىكە ئۆزىگە تۇتقان شارابنى گۈپپىدە ئىچىۋېتىپتۇ، ئىچىپتۇيۇ، خۇددى لايدەك ئېزىلىپ يېتىپ قاپتۇ.

شۇ ئەسنادا، ئالاھىددىن چىمىلدىقنىڭ كەينىدىن چى-قىپ، ھېچنېمىنى بىلمەي بىھوش ياتقان سېھىرگەرنىڭ



قوينىدىن خاسىيەتلىك چىراغنى ئاپتۇ، ئاندىن ئۇنىڭ كۆك-سىگە خەنجەر ئۇرۇپ جىنىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ.

ئالاھىددىن خاسىيەتلىك چىراغنى سۈرتۈپتىكەن، چىراغنىڭ قۇلى — دىۋە ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بوپتۇ. ئالاھىددىن ئۇنى قەسىرنى جايىغا ئاپىرىپ قويۇشقا بۇيرۇپتىكەن، دىۋە «خوپ» دېگىنىچە، قەسىرنى ھاۋاغا ئاچىقىپ كېتىپتۇ ۋە كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە پادىشاھنىڭ سارىيىنىڭ يېنىدىكى ئەسلىي ئورنىغا ئاپىرىپ قويۇپتۇ.



ئالاھىددىن بىلەن مەلىكە پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا سالامغا كىرىپتۇ. مەلىكە بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەرنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بېرىپتۇ. پادىشاھ ئۇلارنىڭ ساق ـ سالامەت قايتىپ كەلگىنىدىن خۇشال بولۇپ، پۈتۈن ئەلگە يەنە قىرىق كې-
چە ـ كۈندۈز توي قىلىپ بېرىپتۇ.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، مەلىكە بىلەن ئالاھىددىن ئې-
جىل ـ ئىناق، مۇھەببەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. ئۇلار ئا-
شۇنداق بەختلىك ياشاپ بىرنەچچە يىل ئۆتكەندە، پادىشاھقا قازا يېتىپتۇ. ئۇنىڭ تەخت ۋارىسى بولغۇدەك ئوغلى بولمى-
غاچقا، ئالاھىددىننى تەخت ۋارىسى قىلىپ تەيىنلەپتۇ.

ئالاھىددىن تەختكە چىققاندىن كېيىن ئەل ـ يۇرتنى ئادىل سوراپ، خەلققە نۇرغۇن ياخشى ئىش قىلىپ بېرىپتۇ. خەلقمۇ ئۇنى چىن كۆڭلىدىن ھىمايە قىپتۇ. ئۇ مەلىكە بىلەن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بەختلىك، تىنچ ـ ئامان يا-
شاپتۇ.



# شىر بىلەن ياغاچچى

بۇرۇنقى زاماندا تولىمۇ قامەتلىك ۋە سۈرلۈك بىر شىر بار ئىكەن. بارلىق ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن قورقۇپ دىر - دىر تىترەيدىكەن. شۇڭا، ئۇلار ئۇنى ئۆزلىرىگە شاھ قىلىۋاپتۇ. شىر بۇنىڭدىن كۆرەڭلەپ تېرىسىگە پاتماي قاپتۇ. ئۇ ئۆزىنى دۇنيادا ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان، قالتىس چاغلايدىكەن.

بەزى ئاق كۆڭۈل كىچىك ھايۋانلار ئۇنىڭغا كۆيۈنۈپ:

— شاھىم، سىز بەكمۇ قۇدرەتلىك ھەم ھەيۋەتلىك. شۇنداقتىمۇ ئىنسانلاردىن ھەزەر ئەيلىمەك كېرەك. چۈنكى، ئۇلار ئەقىللىق بولۇپلا



قالماستىن، يەنە بەكلا ھېيلىگەر، ئۇلارغا دۈچ كەلگىنىڭىزدە بەك ئېھتىيات قىلىڭ، — دەپ ئاگاھلاندۇرۇپتۇ.

بۇنداق گەپلەرنى شىر پىسەنتىگىمۇ ئېلىپ قويماپتۇ.

بىر كۈنى، شىر ھاۋا يېگىلى چىقىپ بىر ياغاچچىغا ئۇچراپ قاپتۇ. ئۇ بۇ ياغاچچىنىڭ بېشىدا سەككىز پارچە تاختاينىڭ تۇرغىنىنى كۆرۈپ بەكمۇ ھەيران قاپتۇ. شىر ياغاچچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ قىزىققان ھالدا سوراپتۇ:

— ئەي، ياغاچچى! بېشىڭغا بىرمۇنچە تاختاي ئېلىۋېلىپ نەگە ماڭدىڭ؟

ياغاچچى بېشىدىكى تاختايلارنى يەرگە قويۇپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— بۇ تاختايلاردا قاپلانغا ئۆي ياساپ بەرمەكچىمەن. بۇ ئۆي پۇتكەندە ئۇ تالادا قار - يامغۇر، بوران - چاپقۇندا قالمايدۇ. خېيىمخەتەرگە يولۇققاندا بولسا ئىچىگە كىرىۋېلىپ



پاناھلىنىدۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان شىرنىڭ قاپلانغا بەكمۇ ئىچى تارلىقى كەپتۇ. ئۇ ياغاچچىغا ماڭىمۇ بىر ئېغىز ياغاچ ئۆي ياساپ بېرىسەن، دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ياغاچچى ئامالسىز قالغان قىياپەتتە ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە ماقۇل بوپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئۇنداق ئۆلچەپ، مۇنداق ئۆلچەپ ئا-خىر شىرنىڭ بويى بويىلىغۇدەك ساندۇققىلا ئوخشايدىغان بىر ياغاچ ئۆي ياساپتۇ.

ياغاچ ئۆي پۈتەر - پۈتمەيلا تاقەت قىلالمىغان شىر ئىچىگە كىرمەكچى بوپتۇ. شۇغىنىسى، ياغاچ ئۆينىڭ ئى-شىكى بەكمۇ كىچىك ئىكەن. شۇڭا، ئۇ ئۇنىڭ ئىچىگە ئۆ-مىلەپ كىرىشكە مەجبۇر بوپتۇ.

ئۇ ياغاچ ئۆينىڭ ئىچىگە مىڭ تەستە كىرىپ شۇنداق قارىسا قۇيرۇقى تېشىدا قاپتۇدەك. ئۇ ياغاچ ئۆيدىن قايتىپ چىقماقچى بوپتىكەن، ئۇنى ياغاچچى توسۇپ قويۇپتۇ.

— ئاستىراق، قايتىپ چىقىشقا ئالدىرىما، ئالدىدا قۇي-رۇقۇڭنى يۆگەپ ئىچىگە كىرگۈزۈۋەتكىلى بولامدۇ، يوق، سىناپ كۆرەيلى، — دەپتۇ ياغاچچى.

شۇنىڭ بىلەن شىر ياغاچچىنىڭ دېگەنلىرىگە ياۋاشلىق بىلەن بويسۇنۇپتۇ. ئۇ قۇيرۇقىنى يۆگەپتۇ، ياغاچچى ئۇنى ئىتتىرىپ ياغاچ ئۆينىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈۋېتىپتۇ.

دەل شۇ چاغدا، ياغاچچى بىر تاختاينى ئېلىپ ياغاچ ئۆينىڭ ئىشىكىنى مىخلىۋېتىپتۇ.

ئۆزىدىن كىچىك ھايۋانلارنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سال-مىغان بىچارە شىر مانا مۇشۇنداق ھالدا ھىيلىگەر ياغاچ-چىنىڭ دامىغا چۈشۈپ قاپتۇ.

# خۇشقاش بىلەن ئىككى قارا ئىت

بۇرۇنقى زاماندا باغداد شەھىرىدە، ئۈچ ئاچا - سىڭىل ياشايدىكەن.

بۇ قىزلارنىڭ چوڭى بىلەن ئوتتۇرانچىسى بىر - بىرىدىن ھۇرۇن، ئىچى يامان، زەھەر ئىكەن، پەقەت ئۇلارنىڭ ئەڭ كىچىكى خۇشقاشلا ئاق كۆڭۈل ھەم ئىشچان ئىكەن.

ئاچىلىرى ئارقا - ئارقىدىن توي قىلىپ چىقىپ كېتىپ، ئۆيدە خۇشقاشلا قاپتۇ ۋە ئوقەت قىلىپ جېنىنى بېقىپتۇ.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي خۇشقاش سودىسى بارغانسېرى ئېقىپ نۇرغۇن پايدىغا ئېرىشىپتۇ.

ئۇنىڭ ئىككى ئاچىسى ھۇرۇنلۇق قىلىپ ھېچ ئىش قىلماي، ئۆيىنىمۇ تۇزۇك تۇتماي، ئەرلىرى ئەكىرىپ بەرگەن پۇللارنىمۇ ئېدىتلىق ئىشلەتمەي بۇزۇپ - چېچىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئەرلىرى ئۇلارنى قوغلاپ چىقىرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كوچىدا قاپتۇ.

خۇشقاش ئاچىلىرىغا ئىچى ئاغرىپ، ئۇلارنى قېشىغا ئەكېلىۋېلىپ بىللە ياشاپتۇ.

ئىككى ئاچىسى ئۇنىڭدىن مىننەتدار بولماقتا يوق، ئەكسىچە ئۇنىڭ باي بولۇپ كەتكىنىنى كۆرەلمەستىن ھەسەتخورلۇق قىلىشقا باشلاپتۇ.

خۇشقاش ھەر كۈنى ئەتىگەن تۇرۇپ چىقىپ كېتىپ قاراڭغۇ چۈشكەندە قايتىپ كېلىدىكەن. ئىككى ئاچىسى ئۆيدە

بىكار يېتىپ تەييارغا ھەييار بولۇپ كۈن ئۆتكۈزىدىكەن.

بىر كۈنى ئىككى ئاچىسى كۆڭۈللىرىگە نېمە يامان نىيەت پۈكتىكىنىتالىڭ، خۇشقاشنى بەسرەگە بېرىپ تىجارەت قىلىپ كېلىشكە زورلاپ تۇرۇۋاپتۇ. خۇشقاش نېرى - بې-رىسىنى ئويلىماستىنلا ماقۇل بوپتۇ.

ئۇلار چوڭ بىر كېمىگە چۈشۈپ، دېڭىزدا ئون كۈن تىنچ - ئامان مېڭىپتۇ.

ئون بىرىنچى كۈنى، تۇساتتىن دېڭىزدا بوران - چاپقۇن كۆتۈرۈلۈپ، كېمە نىشاندىن ئادىشىپ قاپتۇ.

كېمە دېڭىز دولقۇنى قاياققا ئىتتەرسە شۇ ياققا مې-ڭىپ، ئاخىر بىر ئارالنىڭ قېشىغا كېلىپ قاپتۇ.

بۇ ئارالدا بىر شەھەر بار ئىكەن. ئۈچ ئاچا - سىڭىل بىلەن كېمىدىكىلەر بۇ شەھەر تامان يول ئاپتۇ.

بۇ تولىمۇ غەلىتە شەھەر ئىكەن. ئۇنىڭدا قاپقارا تاش-تىن ياسالغان نەرسىلەردىن باشقا ئىنس - جىن يوق ئىكەن.



ئۈچ ئاچا ـ سىڭىل مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، بىر چاغدا خۇشقاش ئاچىلىرىدىن ئايرىلىپ ئېزىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئەترا-پىغا قارىسا ھېچكىم كۆرۈنمەيتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپكە مېڭىۋېرىپتۇ.

ماڭە، ماڭە، بىر چاغدا ئۇ بىر ئۇردىنىڭ ئالدىغا كېپ-قاپتۇ. ئىچىگە كىرىپ شۇنداق قارىسا، ئۇردىدا قارا تاش پا-دىشاھ بىلەن قارا تاش خانىش تۇرغۇدەك.

شۇ ئەسنادا، ئۇنىڭ قۇلىقىغا قۇرئان تىلاۋەت قىلىۋاتقان بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ئۇ ئاۋاز چىققان تەرەپكە بېرىپ قارى-سا، بىر كېلىشكەن يىگىت قۇرئان ئوقۇۋاتقۇدەك. خۇشقاش ئۇ يىگىت بىلەن سۆزلىشىپتۇ. ئەسلىدە، بۇ يىگىت شاھزادە ئىكەن. بۇ ئارالدىكىلەرنىڭ ھەممىسى خۇداغا ئىشەنمەي، جىن ـ شاياتۇنلارغا ئىشىنىدىكەن، پەقەت شاھزادىلا خۇداغا ئىشىنىدىكەن. ئاخىر بىر كۈنى بۇ جىن ـ شاياتۇنلارغا ئى-شىنىدىغان ئادەملەرنى خۇدا جازالاپ قارا تاشقا ئايلاندۇرۇۋې-تىپتۇ. پەقەت مۇشۇ شاھزادىلا بۇ قىسمەتتىن ئامان قاپتۇ.

خۇشقاش بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ياش شاھ-زادىگە باغدادقا بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلىش توغرۇلۇق نەسىھەت قىپتۇ.

شاھزادە ئۇنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلاپ، يۈك ـ تاقلىرىنى، مال ـ دۇنيالىرىنى يىغىشتۇرۇپ، خۇشقاش بىلەن بىللە ھېلىقى چوڭ كېمىنىڭ قېشىغا كەپتۇ.

خۇشقاشنىڭ ئاچىلىرى ئۇنىڭ شۇنداق چىرايلىق ھەم كېلىشكەن يىگىت بىلەن بىللە كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ھەسەت ئوتىدا پۇچىلىنىپ كېتىپتۇ.

ئۇلار قاراڭغۇ چۈشكۈچە ئاران تاقەت قىلىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن سىڭلىسى بىلەن شاھزادىنى دېڭىزغا

تاشلىنىۋېتىپتۇ.

خۇشقاش بىلەن شاھزادە دېڭىزدا جان تالىشىشقا باش-
لاپتۇ. ئىنتايىن خەتەرلىك، قىلىنىڭ ئۇستىدە تۇرغان پەيتتە،
ئۇلار بىر تال شالغا ئېسىلىۋاپتۇ. ئۇلارنىڭ جېنىنى قۇتقۇ-
زۇپ قالغان بۇ شال دېڭىز دولقۇنىغا ئەگىشىپ بىر قاقاس
ئارالغا كېلىپ توختاپتۇ.

ئۇلار قاقاس ئارالدا بىرەر چىقىش يولىنى تېپىش ئۇ-
مىدىدە مەقسەتسىز ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ.

توساتتىن، ئۇلار يوغان بىر يىلاننىڭ ئۆزلىرى تەرەپكە
ئۈزۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ كەينىدىلا بىر زەھەرلىك
يىلاننىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ.

ئۇلار بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرىپ بول-
غۇچە، ھېلىقى زەھەرلىك يىلان چوڭ يىلاننىڭ قۇيرۇقىنى
كاپپىدە چىشلىۋاپتۇ. چوڭ يىلان شاھزادە بىلەن خۇشقاشقا
بىچارىلەرچە تەلمۈرۈپتۇ. خۇشقاش يوغان بىر تاشنى ئېلىپلا
زەھەرلىك يىلاننىڭ بېشىنى قەرلەپ تۇرۇپ ئېتىپتۇ. تاش



ئۇدۇل بېرىپ يىلاننىڭ بېشىغا تېگىپتۇ. زەھەرلىك يىلان تىن تارتماي ئۆلۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن چوڭ يىلان قۇتۇلۇپ قاپتۇ ۋە قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

بىردەمدىن كېيىن كەينىگە ئىككى قارا ئىتنى ئە- گەشتۈرۈۋالغان بىر پەرىزات ئۇچۇپ كەپتۇ. ئەسلىدە، ھېلىقى چوڭ يىلان يىلانغا ئۆزگىرىۋالغان پەرىزات ئىكەن، ئۇ خۇش- قاشىنىڭ ئۆزىگە قىلغان ياخشىلىقىغا جاۋاب قايتۇرۇش ئۇ- چۇن، ئۇنىڭ ئىككى زەھەرخەندە ئاچىسىنى ئىككى قارا ئىتقا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىكەن. ئاچىلىرىغا قاراپ ئاق كۆڭۈل خۇش- قاشىنىڭ بەكمۇ ئىچى ئاغرىپتۇ.

پەرىزاتنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا شاھزادە بىلەن خۇشقاش باغدادقا قايتىپ بېرىپ كاتتا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىككىسى بەختىيار ياشاپ، نەۋرە - چەۋرىلىك بولۇپ دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ.



Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAyMTkyNTcuemlw",
"filename_decoded": "40219257.zip",
"filesize": 18131505,
"md5": "146c8154895fe407905b41bb74ec1bb7",
"header_md5": "6bc332d8b5bcbffadcc5934db11be0d9",
"sha1": "1d7e3b35ef35cc044cb2c84d402d3e3aa9a8e23f",
"sha256": "5ea235df1e3a2bea5f2b300e5c16913b77d07dfda7cfb4d0fc4902e7fc8c2e08",
"crc32": 205068664,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 20407616,
"pdg_dir_name": "\u2565\u2557\u255f\u00ba\u2534\u03c0\u2565\u2557\u2565\u2563 \u2566\u2500
\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40219257",
"pdg_main_pages_found": 83,
"pdg_main_pages_max": 83,
"total_pages": 89,
"total_pixels": 355092912,
"pdf_generation_missing_pages": false
}